# سابىت داموللام ۋە شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى

ئابدۇسالام خېلىل

2017 ـ يىلى 6 ـ ئۆكتەبىر

ئىستانبۇل

## بِسْمِ اللَّهِ الرَّحْمَٰنِ الرَّحِيمِ

**بسم الله والحمد لله والصلاة والسلام على رسول الله وعلى آله وأصحابه ومن تبعهم بإحسان إلى يوم الدين**

﴿يُؤْتِي الْحِكْمَةَ مَن يَشَاءُ ۚ وَمَن يُؤْتَ الْحِكْمَةَ فَقَدْ أُوتِيَ خَيْرًا كَثِيرًا ۗ وَمَا يَذَّكَّرُ إِلَّا أُولُو الْأَلْبَابِ﴾ «ھېكمەتنى (يەنى ياخشى ئەمەلگە يېتەكلەيدىغان پايدىلىق ئىلىمنى) خالىغان بەندىسىگە ئاتا قىلىدۇ؛ ھېكمەت ئاتا قىلىنغان ئادەمگە كۆپ ياخشىلىق ئاتا قىلىنغان بولىدۇ. پەقەت ئەقىللىق ئادەملەرلا بۇنىڭدىن پەند ـ نەسىھەت ئالىدۇ»

﴿وَاتَّقُوا اللَّهَ وَيُعَلِّمُكُمُ اللَّهُ وَاللَّهُ بِكُلِّ شَيْءٍ عَلِيمٌ﴾ «ئاللاھتىن (ئەمرىگە ۋە نەھيىسىگە مۇخالىپەتچىلىك قىلىشتىن) ساقلىنىڭلار، ئاللاھ سىلەرگە ئۆگىتىدۇ (يەنى سىلەرگە ئىككىلا دۇنيادا پايدىلىق بولغان ئىلىمنى بېرىدۇ)، ئاللاھ ھەممە نەرسىنى بىلگۈچىدۇر».

# كىرىش سۆز

بىر كۈنى ئۇستازىمىز بىزگە ھەركۈنى بىرىمىزنىڭ ئۇيغۇر تارىخىدىكى بىر مەشھۇر كىشىنىڭ ھاياتىنى تونۇشتۇرىشىمىزنى ئېيتتى. شۇنىڭ بىلەن مەن تۇنجى بولۇپ سۆزلەشنى تەلەپ قىلدىم ۋە ئۆزۈم ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان تارىخى شەخسلەردىن بىرى بولغان ھەمدە بۈگۈنكى ئەھۋالىمىزدا سىياسىي ھاياتىنى ئۈلگە قىلىشقا ئەرزىيدۇ دەپ قارايدىغان يېتۈك ئالىم، مەشھۇر سىياسىيون، مۇجاھىد ۋە شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاساسچىسى سابىت داموللامىنىڭ ھاياتى ۋە ئىش - ئىزلىرىنى تونۇشتۇرماقچى بولدۇم. خىيالىمدا «سابىت داموللام ھەققىدە كىتاب ياكى ئىنتېرنېتتىن پايدىلانسام ماتېرىيال دېگەنگە كۆمۈلۈپ كېتىمەنغۇ» دەپ ئويلىغان ئىدىم. بىراق ، ئىش ئويلىغىنىمدەك بول-مىدى. سابىت داموللامدەك ئۇيغۇر يېقىنقى زامان تارىخىدىكى مۇھىم بىر شەخسكە ئائىت مۇكەممەل بىر ماتېرىيالنىڭ بول-ماسلىقى، بار بولغانلىرىنىڭمۇ بىرتەرەپلىمە كۆز قاراش بىلەن يېزىلغانلىقى ياكى قوشۇمچە پېرسوناژ قاتارىدا تىلغا ئېلىنىپ ئۆتۈپ كېتىلگەنلىكىنى كۆرۈپ ئىنتايىن ھەيران قالدىم ۋە بۇنىڭ تولدۇرۇشقا تېگىشلىك بىر بوشلۇق ئىكەنلىكىنى ھېس

قىلدىم. شۇنىڭ بىلەن سابىت داموللام ھەققىدە ماتېرىيال ئىزدەشكە باشلىدىم. ھەرخىل تارىخ ۋە ئەسلىمە كىتابلىرىدىن ۋە ئىنتېرنېتتىن پايدىلاندىم. دوستلىرىممۇ ياردەمدە بولدى. ھەتتا مىسىردا نەشىردىن چىققان «ئەل مەنار» ژۇرنىلىنىڭ 1933 - يىلى دېكابىردا نەشىر قىلىنغان 8 - سانىنى تاپتىم ۋە سابىت داموللامنىڭ مەزكۇر ژۇرنالغا ئەۋەتكەن «شەرقىي تۈركىستان ئىنقىلابى» ناملىق ماقالىسىنىمۇ ئوقۇپ نۇرغۇن قىممەتلىك مەلۇماتقا ئېرىشتىم. مەنبەلەرنىڭ كۆپىنچىسى بىر تەرەپلىمە كۆز قاراشلار بىلەن تولغان بولغاچقا، ئاساسى جەھەتتىن مەنبەدىكى ۋەقەلەرنى ئەينەن كۆچۈرۈپ ئالمىدىم. بەلكى بىر قانچە ماتېرىيالدىن تەڭ پايدىلىنىپ جەۋھىرىنى ئايرىپ چىقتىم ۋە ئۆز تىلىمغا ئايلاندۇرۇپ ئىپادىلىدىم.

ئەسەرنى يېزىش جەريانىدا چىنلىقنى ئاساس قىلدىم. «ئاڭلىغان ئىدىم»، «كۆرگەن ئىدىم» دېگەنلەرنىڭ يازمىلىرىنى ئاساسلىق مەنبە قىلدىم. بەزى ۋەقەلەر يۈز بەرگەن ۋاقىتنىڭ ئىككى - ئۈچ مەنبەدە ئوخشاش بولغانلىرىنى تاللىدىم. شەك قىلىپ قالغان بەزى ۋەقەلەرنى «قىستۇرما» دا ئەسكەرتىپ قويدۇم. ئەسەرنى يېزىش جەريانىدا مۇبالىغە قىلىۋېتىشتىن ۋە ھېسسىياتىمغا تايىنىشتىن ساقلاندىم. ئەڭ مۇھىمى بىر تەرەپلىمە بولۇپ قالماسلىقىغا ئالاھىدە دىققەت قىلدىم ۋە ئەجدادلىرىمغا نىسبەتەن ئادىل بىر مەيداندا تۇرۇشقا ئەھمىيەت بەردىم. يەنى «قىيامەت كۈنى مۇشۇ يازغانلىرىمدىن ھېساب بېرەلەيمەنغۇ» دېگەننى ئويلاپ تۇرۇپ يازدىم. ئەلۋەتتە مەنمۇ بىر ئىنسان بولغانلىقىم ھەمدە بۇ ساھەدە تېخى

«باشلانغۇچنىڭ ئوقۇغۇچىسى» بولغانلىقىم ئۈچۈن بۇ ئەسەر ھەرخىل خاتالىقلاردىن خالى بولالماسلىقى مۇمكىن. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەرگىزمۇ بۇ ئەسەرنى سابىت داموللامنىڭ تولۇق تارىخى دەپ ئېيتالمايمەن. پەقەتلا ۋەتەن، مىللەت ئۈچۈن يۈرەكلىرى يېلىنجاۋاتقان ئوت يۈرەك قېرىنداشلىرىم ۋە دوست-يارەنلىرىمگە ئازراق بولسىمۇ مەنپەئەتى يېتىپ قالسا ۋە كېيىنچە سابىت داموللام ھەققىدە تېخىمۇ مۇكەممەل بىر نەرسە يازماقچى بولغان ھىممەتلىك قېرىنداشلىرىمغا پايدىلىنىش ماتېرىيالى سۈپىتىدە بولسىمۇ پايدىسى تېگىپ قالسا مۇشۇنىڭ ئۆزى ماڭا كۇپايە. ئەسلىدىمۇ مېنىڭ بۇ يازمىنى ئاشكارىلاش نىيىتىم يوق ئىدى، ئۇنى پەقەتلا ھەۋەس ئۈچۈن يېزىپ «خاتىرە» قىلىپ ساقلىۋالماقچى بولغان ئىدىم. ئەمما ئۇنى يېزىۋاتقان ۋاقتىمدا بەزى ساۋاقداشلىرىم «بىلىپ» قالدى (چۈنكى بۇ يازمىنى يېزىۋاتقانلىقىمنى ئەتراپىمدىكىلەرنىڭ كۆپىنچىسى بىلمەيتتى) ۋە ئۇنى ئوتتۇرىغا چىقىرىشىمنى ئېيتىپ، ماڭا ئىلھام ۋە مەدەت بەردى. شۇنىڭ ئۈچۈن مۇشۇ ساۋاقداشلىرىمغا ۋە بۇ ئەسەرنى يېزىش جەريانىدا مېنى قوللىغان، ماڭا ھەرتەرەپتىن ياردەملەرنى بەرگەن ئۇستاز ۋە دوستلىرىمغا ئالاھىدە رەھمەت ئېيتىمەن. ئاللاھ ئۇلارنى بارلىق ياخشىلىقلارغا مۇيەسسەر ۋە مۇۋەپپەق قىلسۇن.

ئەسەرنى ئوقۇغان كىشىگە سابىت داموللامنىڭ ھاياتىغا مۇناسىۋەتسىزدەك بىلىنىدىغان نۇرغۇن ۋەقەلىكلەر ۋە ئۇرۇش-جەڭلەر بار. ئەمەلىيەتتە شۇ ۋەقە ۋە جەڭلەرنىڭ ھەممىسى سابىت داموللام بىلەن بىۋاسىتە ياكى ۋاسىتىلىك ھالدا

مۇناسىۋەتلىك بولۇپ داموللام نۇرغۇن جەڭلەرگە بەزىدە ئۆزى بىۋاسىتە يەنە بەزىدە بولسا مەسلىھەت ، پىكىر ۋە بۇيرۇقلىرى بىلەن ئىشتىراك قىلغان.

ئۇنىڭ ئۈستىگە مەن بۇ يازما ئارقىلىق پەقەت سابىت داموللامنىڭ ھاياتىنىلا تونۇشتۇرۇشنى مەقسەت قىلمىدىم، بەلكى سابىت داموللامنىڭ ھاياتى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغان ۋە شۇ تارىخلارنى ئوقۇپ مۇلاھىزە قىلىشىمىزدىكى ئاساسلىق غايىمىز بولغان شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنىڭ قانداق قۇرۇلغانلىقى، قۇرۇلۇش ئۈچۈن قانداق شەرت-شارائىتلارنى ھازىرلىغانلىقىنى، دۆلەت قۇرۇلۇپ قانداق ھالەتتە داۋام قىلغانلىقى، ئاخىردا قانداق بولۇپ يىقىلغانلىقى ۋە ئۇنىڭ سەۋەب، ئامىللىرىنى قۇربىتىمىنىڭ يېتىشىچە سىياسىي نۇقتىدىن تەھلىل قىلىپ تۇرۇپ يازدىم.

بىز بۇ شانلىق ھەم ئاچچىق تارىختىن ئۆرنەك ئالىدىغان ۋە ساۋاق ئالىدىغان يەرلەرنى ئوبدان تونۇۋالمىساق بۇندىن كېيىن ئۇلۇغ ئاللاھ ئاتا قىلىدىغان پۇرسەتلەردە يەنە ئاتا - بوۋىلىرىمىز سادىر قىلغان خاتالىقلارغا چۈشۈپ قالساق بولمايدۇ. ئەمدى ئۇنداق نادانلىقنىڭ بەدىلى ناھايىتىمۇ ئېغىر ۋە قورقۇنچلۇق بولىدۇ (ئاللاھ ئۇنداق قارا كۈنلەردىن ساقلىسۇن). كىممۇ «ئەمدى بىزگە ئۇنداق پۇرسەتلەر قايتا كەلمەيدۇ» دەپ كېسىپ ئېيتالىسۇن؟ ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: « ... بۇ كۈنلەرنى ئىنسانلار ئارىسىدا ئايلاندۇرۇپ تۇرىمىز، (يەنى غەلىبىنى ھەمىشە بىر پىرقىدە قىل-ماي، بىر كۈن بىر پىرقىدە، بىر

كۆن ئۇ پىرقىدە قىلىمىز)، (بۇ) ئاللاھنىڭ (ھەقىقىي) مۇئمىنلەرنى (مۇناپىقلاردىن) ئايرىشى ئۇچۇندۇر، سىلەرنى شېھىتلەردىن قىلىشى (يەنى سىلەردىن بەزىلەرنى شېھىتلىك دەرىجىسىگە مۇشەررەپ قىلىشى ئۇچۇندۇر)، ـ ئاللاھ زالىملارنى دوست تۇتمايدۇ». ئاللاھ خالىسا بىزگە يەنە نۇۋەت كېلىدۇ. ئاتىلىرىمىز «ئەرگە بىر نۇۋەت، يەرگە بىر نۇۋەت» دېگەن ئەمەسمۇ. يەنە كېلىپ ئاخىرقى غەلىبىنىڭ مۇئمىنلەرگە مەنسۇپ ئىكەنلىكىگە مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىمىزنىڭ ئىمانىنىڭ كامىل ئىكەنلىكىگە ئىشىنىمەن. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۈمىدلىك ياشىشىمىز، ئۆزىمىزنى كەلگۈسىدىكى ئۇلۇغ ئىشلار ئۈچۈن ھەر جەھەتتىن تەييارلىشىمىز كېرەك.

ئاخىردا ۋەتەن ئىچى ۋە مۇھاجىرەتتىكى بارلىق قېرىنداشلىرىمغا ئاللاھتىن ئامانلىق، ھەق ئۈستىدە ساباتلىق تىلەيمەن ۋە بىزگە يەنە بىر قېتىم پۇرسەت ئاتا قىلىشىنى، شۇ پۇرسەت بىلەن بىرگە مۇۋاپىقىيەت، غەلىبە نۇسرەت ئاتا قىلىشىنى سورايمەن.

﴿وَمَا تَوْفِيقِي إِلا بِاللَّهِ ۚ عَلَيْهِ تَوَكَّلْتُ وَإِلَيْهِ أنِيب﴾

ئابدۇسالام خېلىل

2017ـ يىلى 6ـ ئۆكتەبىر

ئىستانبۇل

## سابىت داموللام ۋە شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى

مەرھۇم ئۇستاز، دىنىي ۋە مىللىي كۈرەشچىمىزنىڭ رەھبىرى، سابىت داموللا ئابدۇلباقى كامالى 1883 ـ يىلى ئاتۇشنىڭ ئازاق كەنتىدە دۇنياغا كەلگەن. باشلانغۇچ دىنىي تەربىيەنى ئازاقتىكى چوڭ ئەلەم ئاخۇنۇم دېگەن كىشىدىن ئالغان. كېيىن قەشقەر خانلىق مەدرىسىدە ئوقۇغان.

1910 ـ يىللىرى ئابدۇقادىر داموللام ۋە مەمەت ئاخۇنۇملارنىڭ دەۋەت قىلىشى بىلەن بۇخاراغا بېرىپ ئىلىم تەھسىل قىلغان. ئابدۇقادىر داموللام سابىت داموللامنى بۇخاراغا ئوقۇشقا يولغا سېلىش چېيىدا يۇرت چوڭلىرى ۋە كاتتا ئۆلىمالار ئالدىدا ئۇنى ئاشكارا ماختاپ «بۇ باالا بىز ئارزۇ قىلغان، ئەمما زاماننىڭ شەرتلىرى ۋە ئۆزىمىزدىكى شەرتلەر تۈپەيلى قىلالمىغان چوڭ ئىشلارنى قىلىدۇ. كۆرىسىلەر، چەتتىكى ئوقۇشنى تۈگىتىپ قايتىپ كەلگەندە ئۇ بىر ئۇلۇغ ئىنسان بولۇپ قالىدۇ» دېگەن ئىدى. ئۇ زامانلاردا ئوتتۇرا ئاسىيالىقلار ئىلىم تەلەپ قىلىش ئۈچۈن بۇخارا ياكى ھىندىستانغا كۆپرەك باراتتى. بۇخارادا ئوقۇغانلار "دىملا" يەنى: داموللا، ھىندىستاندا ئوقۇغانلار «مەۋلىۋى» لىق ئۇنۋانىغا ئېرىشەتتى.

سابىت داموللام 1914 ـ يىلى بۇخارادىكى ئوقۇشىنى تۈگىتىپ يۇرتىغا قايتىش سەپىرىدە ئىلى سۈيدۈڭگە كېلىپ ئىسمائىل ھاجى دېگەن كىشىنىڭ رابىيە ئىسىملىك قىزىغا ئۆيلىنىدۇ ۋە شۇ يەردە تۇرۇپ قالىدۇ. بىر نەچچە يىل ئۆتكەندىن كېيىن مەلۇم سەۋەبلەر تۈپەيلى ـ بەزىلەر «رەستە ۋەقەسى» تۈپەيلىدىنمۇ دېيىشىدۇ ـ ئايالىدىن ئاجرىشىپ ئوغلى ئابدۇللاھنى ئانىسىغا قالدۇرۇپ 1920 ـ يىللىرى قەشقەرگە كېلىدۇ.

رەستە ۋەقەسى مۇنداق ئىش ئىدى: 1916 ـ يىلى سۈيدۈڭدە ئۇيغۇر سودىگەرلىرىنىڭ قاتار سېلىنغان دۇكانلىرىغا ئوت كەتكەن ۋە دۇكانلارنىڭ ھەممىسى ۋەيران بولۇپ پەقەت شۇ دۇكانلارغا (سېپىلغا) تۇتاش سېلىنغان بىر ئۆينى ئىشرەتخانا قىلىۋالغان، "جۇخۇازى" دەپ نام ئالغان كۇچالىق بىر سەتەڭ ئايالنىڭ ئۆيلا ساق قالغان. مانا مۇشۇ "رەستە ۋەقەسى" سەۋەبىدىن سۈيدۈڭدىكى ئۆلىمالار بىلەن سودىگەرلەر ئارىسىدا ئىختىلاپ كۆرۈلگەن. بەزى نادان سودىگەرلەر «بىز ئۆشرە ـ زاكاتنى تولۇق ئايرىۋاتقان تۇرساق، بىزنىڭ دۇكانلار كۆيۈپ، كېچە ـ كۈندۈز ئەيش ـ ئىشرەت قاينايدىغان بىر بۇزۇق خوتۇننىڭ ئۆيىنىڭ ساق قالغىنى نېمىسى؟» دېيىشىپ ئۆلىمالارنىڭ كۆزىگە كىرىۋالغان. سابىت داموللامنى مانا مۇشۇ ۋەقە تۈپەيلى ئىلىدىن كەتكەن دېيىشىدۇ . لېكىن، بۇ خاتا قاراش چۈنكى سابىت داموللام 1918 ـ يىلىمۇ تېخى سۈيدۈڭدە ئىدى.

داموللام قەشقەرگە كەلگەندىن كېيىن، ئۇستازى ئابدۇقادىر داموللام، مەسلەكدىشى مەمەت شەمسىددىن ۋە قۇتلۇق شەۋقىيلەر بىلەن قەشقەر خانلىق مەدرىسىدە مۇدەررىسلىك قىلغان.

20 ـ ئەسىرنىڭ 20 ـ يىللىرىغىچە شەرقىي تۈركىستاندا مائارىپ ئىنتايىن قالاق ۋە كونا ئۇسۇلدا ئېلىپ بېرىلاتتى. يەنە كېلىپ كونىچە مەدرىسلەرلا بار بولۇپ، زامانىۋى مائارىپتىن سۆز ئېچىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شۇ دىنىي دەرسلەرمۇ كونىچە، خۇراپىي ۋە مۇتەئەسسىپ سوپىزم ئۇسۇلى بويىچە ئۆتىلىدىغان بولغاچقا تالىپلار بىر قانچە يىل ئوقۇپمۇ تۈزۈك ئالغا ئىلگىرىلىيەلمەيتتى ياكى مۇتەئەسسىپ موللا بولۇپ چىقاتتى.

بۇ زامانلاردا ئوتتۇرا ئاسىيادا — بۇخارا، قازان قاتارلىق جايلاردا تاتار ئالىمى مۇسا جارۇللاھ باشچىلىقىدا دىنىي مائارىپنى ئىسلاھ قىلىش ھەرىكىتى باشلانغان ئىدى. بۇ ھەرىكەت «جەدىدچىلىك» دەپ ئاتىلىپ فېئودال ھاكىمىيەتلەر ۋە مۇتەئەسسىپ، نادان موللىلارنىڭ «جەدىدچىلىك كۇفۇرلۇق!» دەپ قاتتىق قارشىلىقىغا ئۇچرىدى. ئەمەلىيەتتە بۇ ئىسلاھات خەلقنى نادانلىق، قاششاقلىق ۋە قالاقلىقتىن قۇتۇلدۇرىدىغان بولغاچقا، خەلقنى نادانلىق بىلەن ئىدارە قىلىپ كېلىۋاتقان زالىم ھاكىمىيەتنىڭ ۋە شۇ نادانلىقتىن پايدىلىنىپ خەلقنىڭ يۇقىرى ئىناۋىتىگە ئېرىشىۋالغان مۇتەئەسسىپ موللىلار ۋە ئاچكۆز بايلارنىڭ قارشى چىقىشى تەبىئىي ئەھۋال ئىدى .

مانا بۇ ئىسلاھات شاماللىرى، چەتئەلگە چىقىپ بىلىم ئاشۇرۇپ كۆزىنى ئېچىپ كەلگەن ئابدۇقادىر داموللام، سابىت داموللاملارغا ئوخشاش ئىلغار پىكىرلىك ۋە ھىممەتلىك كىشىلەرنىڭ سەۋەبى بىلەن شەرقىي تۈركىستانغىمۇ كىرىشكە باشلىغان.

بۇ زامانلاردا يەنە شىۋىتسىيەدىن ھىندىستان ئارقىلىق نۇرغۇن تاغ ـ داۋانلاردىن ئېشىپ قەشقەرگە كەلگەن خىرىستىيان دىنىنى تارقاتقۇچى «دىن ئوغرىلىرى» قەشقەردە دوختۇرخانا سېلىپ، ھەقسىز كېسەل داۋالاش ھىيلىسى بىلەن ھە دەپ دىن تارقىتىش بىلەن شۇغۇللىنىۋاتاتتى.

ئاھالىسى يۈز پىرسەنت مۇسۇلمان بولغان شەرقىي تۈركىستاندا يېڭى بىر دىنىنىڭ پەيدا بولۇشى ئورنىنى تولدۇرۇپ بولغۇسىز بىر خەتەرنىڭ باشلىنىشى ئىكەنلىكىنى، شۇنداقلا ئاللاھنىڭ دىنىنىڭ ھۇجۇمغا ئۇچرايدىغانلىقىنى ھېس قىلغان ئابدۇقادىر داموللام سەپداشلىرى ۋە تالىپلارنى سەپەرۋەر قىلىپ قەشقەردە نامايىش قوزغاپ شىۋىت مىسسىئونىرلىرىنىڭ بۇ رەزىل ھەرىكەتلىرىگە زەربە بەرگەن ئىدى.

گەرچە خىرىستىيانلارغا قارشى بۇ ھەرىكەت سوۋېت ، ئەنگلىيە ھۆكۈمەتلىرىنىڭ ئارىلىشىشى ۋە نادان، ئاچكۆز بايلارنىڭ قول سېلىشى نەتىجىسىدە 1924 ـ يىلى ئابدۇقادىر داموللامنىڭ شەھىت قىلىنىشى بىلەن ئاخىرلاشقان بولسىمۇ، لېكىن، خىرىستىئانلارمۇ پائالىيەتلىرىنى داۋاملاشتۇرۇشقا ئامالسىز قالدى. شۇنىڭ بىلەن، شەرقىي تۈركىستان ئاللاھنىڭ

رەھمىتى ۋە ئابدۇقادىر داموللامنىڭ ھىممىتى بىلەن زور بىر بالادىن ساقلىنىپ قالدى.

ئابدۇقادىر داموللام شېھىت قىلىنغان كېيىن دۈشمەنلەر تىغ ئۇچىنى سابىت داموللامغا قاراتتى. شۇنىڭ بىلەن داموللام ھەج قىلىش باھانىسى بىلەن غۇلجىغا كەتتى. ئۇ غۇلجىدىكى ۋاقىتلىرىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تارىخى بولغان «شېرىن كالام» دېگەن كىتابىنى يېزىپ تاماملىغان ۋە 1927 ـ يىلى سودىگەر بايلارنىڭ ياردىمىدە كۆرەدىكى ھۆكۈمەت مەتبەئەسىدە كۆپەيتىپ باستۇرغان.

**قىستۇرما:** مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاياتىغا دائىر مەيلى ئۇيغۇرچە يېزىلغان ۋە ياكى باشقا تىلدىن تەرجىمە قىلىنغان بولسۇن بىر قانچە كىتابنى ئوقۇدۇم. لېكىن، ئىشەنچلىك مەنبەلەرگە ئۇيغۇن بولۇشتا ۋە ئىپادىلىنىشىنىڭ گۈزەللىكىدە «شېرىن كالام» دەك شېرىن بىر كىتابنى ئوقۇپ باقمىدىم.

شۇ يىلدىن باشلاپ داموللام غۇلجا دەڭ مەسچىتىدە قۇرئان كەرىمنى ئاغزاكى تەرجىمە ـ تەپسىر قىلىپ بۇ ئىشنى ئۈچ يىلدا تاماملىغان. شۇ يىللاردا يەنە ئەرەب تىلى گىرامماتىكىسىدا مۆتىۋەر كىتابلاردىن ھېسابلىنىدىغان «ئەلفىيە ئىبنى مالىك» قا شەرھى ۋە ھاشىيە يېزىپ چىققان. بۇ كىتاب «شەرھى ئەلفىيە» دەپ ئاتالغان. ئۇندىن باشقا «ئىسلام قانۇنى»، «ئەقائىدە جەۋھەرىيە، بەيان

سۈننەت» دېگەن كىتابلارنى يازغان بولۇپ شۇ دەۋرلەردە ئىسلام دۇنياسىدا، بولۇپمۇ ئوتتۇرا ئاسىيادا زور تەسىر قوزغىغان.

*** *** ***

1930 ـ يىلى يۇرتىنىڭ ۋەزىيىتى ، مىللەتنىڭ روھى ھالىتى ۋە دۈشمەننىڭ كۈچى ھەققىدە يېتەرلىك مەلۇماتقا ئىگە بولۇش ئۈچۈن، پۈتۈن يۇرتلارنى ئايلىنىپ چىقىش مەقسىتى بىلەن بىرگە چۆچەكتە ئولتۇرۇشلۇق مەشھۇر تاتار ئالىمى مۇرات ئەپەندىنىڭ قېشىغا ھەدىس ۋە تەپسىر بىلىملىرىدىن دەرس ئېلىش ئۈچۈن خوتەندىن چىققان مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا غۇلجىدا سابىت داموللام بىلەن ئۇچرىشىپ، تونۇشۇپ قالىدى. ھەمدە، بىر ـ بىرىنىڭ ئۇلۇغ غايىلىرىنىڭ ئوخشاش ئىكەنلىكىنى بىلىشتى. ئۇلار بىر قانچە كېچە سۆھبەتلىشىش ئارقىلىق ۋەتەننى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن قوراللىق ئىنقىلاب قىلىشنىڭ لازىملىقى ۋە بۇ ئىنقىلابنىڭ خوتەندە باشلىنىشىنىڭ كېرەك ئىكەنلىكى ھەققىدە بىر پىكىرگە كەلدى.

**قىستۇرما:** ئىنقىلابنىڭ باشلىنىش نۇقتىسىنىڭ خوتەن بولۇشىنىڭ مۇھىم سەۋەبلىرى:

1 ـ خوتەن جىن شۆرىن ھاكىمىيىتىنىڭ مەركىزى ئۈرۈمچىدىنمۇ ۋە چىن مەركىزى ھۆكۈمىتىدىنمۇ ناھايىتى يىراققا جايلاشقان بولغاچقا ئۇلارنىڭ تەسىر كۈچى خوتەندە بىر قەدەر ئاجىز.

2 ـ خوتەندە قەشقەردىكىدەك خىتايىنىڭ مۇنتىزىم ۋە كۈچلۈك قىسىملىرى يوق.

3 ـ خوتەنىنىڭ ئەتراپى تاغلار بىلەن قورشالغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە چەتئەللەر بىلەن چېگرىداش بولغاچقا مۇداپىئەلىنىش ۋە چېكىنىشكە ئەپلىك.

4 ـ خوتەندە دىنى كەيپىيات قويۇق بولغاچقا خەلقنى جىهادقا قوزغاش قىيىنغا توختىمايدۇ.

5 ـ مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا خوتەنلىك ۋە شۇ يەردە مۇدەررىسلىك قىلغان بولغاچقا خەلق ئارىسىدا يۇقىرى ئىناۋەتكە ئىگە، شۇڭلاشقا ئادەم كۈچى ۋە ماددىي ياردەملەرنى هازىرلاشقا قۇربى يېتىدۇ.

شۇنداق قىلىپ ئۇلار پۇتۇشكىنى بويىچە مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا ۋەتەندە قېلىپ ئىنقىلاب ئۈچۈن تەييارلىق خىزمەتلىرىنى قىلىدىغان، سابىت داموللام ھەج قىلىش ۋە بەزى ئىسلام ئەللىرىنى ساياھەت قىلىش ئارقىلىق مىللىي ئازادلىق كۈرىشى ئۈچۈن مۇناسىۋەتلىك خەلقئارا سىياسەتنى، ئىسلام ئەللىرىنىڭ ئەھۋاللىرىنى كۆرۈپ كېلىدىغان بولۇپ ئايرىلىشتى.

سابىت داموللام 1931 ـ يىلى شەمسىددىن داموللام، ياقۇپ هاجى قاتارلىق يۈز نەچچە كىشى بىلەن ئۇن ياشلىق ئوغلى ئابدۇللاھنى ئېلىپ سوۋېت ئىتتىپاقى ئارقىلىق ھەج سەپىرىگە ئاتلاندى. ئۇ رۇسىيەدىن تۈركىيە ئاندىن مەككىگە بېرىپ ھەج پائالىيىتىنى تۈگەتكەندىن كېيىن مىسىر، تۈركىيە، ھىندىستان قاتارلىق جايلارنى ساياھەت قىلدى. بۇ جەرياندا ئۇ ئۇممۇمىي ئىسلام دۇنياسىنىڭ ئىنتايىن ئېغىر ئەھۋالدا ئىكەنلىكىنى، ۋەتىنىگە يااردەم بېرەلىگۈدەك بىرەر كۈچنىڭ يوقلىقىنى ھېس قىلىپ ئىنتايىن قايغۇردى. لېكىن ساياھەت جەريانىدا شۇ دەۋردىكى ئىلغار پىكىرلىك ئالىملار بىلەن ھەمسۆھبەتتە بولدى ۋە بەزى يىغىن، مەجلىسلەرگىمۇ ئىشتىراك قىلدى. شۇ سورۇنلاردا مۆتىۋەر ئالىملاردىن مۇھەممەد رەشىد رىزا، مەجىد كەردى، ئىبراھىم غەززەۋى، ئابدۇلقۇددۇس ئەنسارى ۋە تاتار ئالىمى ئابدۇرەشىد ئىبراھىم قاتارلىقلار بىلەن ھەمسۆھبەتتە بولدى. دوكتور مۇھەممەد رەشىد رىزا سابىت داموللامغا سۈرىيەلىك ئۆتكۈر سىياسىيون، مەشھۇر خەتىپ شەكىب ئارسلاننىڭ «مۇسۇلمانلار نېمە ئۈچۈن ئارقىدا قېلىپ، باشقىلار ئىلگىرىلەپ كېتىدۇ؟» دېگەن كىتابىنى بەردى. داموللام بۇ كىتابنى كۆڭۈل قويۇپ ئوقۇپ چىقتى. 1932 ـ يىلى 11 ـ ئايدا ئىككى يىللىق ساياھىتىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ ۋەتەنگە قايتىپ كەلدى. ئۇ بۇ سەپەردە مول بىلىم ۋە تەجرىبىلەرگە ئىگە بولۇپ، كۆزى تېخىمۇ ئېچىلغان ئىدى.

ئۇ ھىندىستاندىن ئۇدۇل خوتەنگە كەلدى ۋە مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا بىلەن كۆرۈشۈپ ئۇنىڭغا ساياھەت جەريانىنى ۋە ئالغان تەسىراتلىرىنى سۆزلەپ بەردى، شەرقىي تۈركىستاندا بىر مىللىي ئىنقىلاب قوزغىلىپ قالسا قوشنا دۆلەتلەرنىڭ مۇداخىلە قىلىش ئېھتىماللىقىنىڭ ئازلىقىنى، شۇنداقلا خەلقئارا قانۇنلارغا قارىغاندا بىر دۆلەتنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلىشىشنىڭ توغرا ئەمەسلىكىنى سۆزلەپ، غۇلجىدا كۆرۈشكەن ۋاقىتتىكى مەسلىھەتى بويىچە خوتەندە بىر مىللىي ئىنقىلابى تەشكىلات قۇرۇش مەقسىتى بىلەن ئۇدۇل خوتەنگە كەلگەنلىكىنى ئېيتتى.

بۇ چاغدا خوتەندىمۇ بىر ئىنقىلابىي ھەرىكەت باشلاشنىڭ شەرت ـ شارائىتى ھازىرلىنىپ قالغان ئىدى.

مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا سابىت داموللام بىلەن غۇلجىدا ئايرىلغاندىن كېيىن «مەخسۇس ئەسكىرى ماھىيەتتە بىر مەخپىي تەشكىلات قۇرۇپ چىقىپ، دۈشمەن تۈيۈپ قېلىشتىن بۇرۇن كۈچ توپلاپ، بۇ يول بىلەن پۈتۈن شەرقىي تۈركىستاندا خەلقنى ئىنقىلابقا ھازىرلاش ئۈچۈن تەشۋىقات ئېلىپ بېرىش» پىلانى بويىچە ھەرىكەت ئېلىپ بارماقچى بولدى. لېكىن خەلق قورالسىز بولغاچقا، قورالنىمۇ ئۈچۈن شەرقىي تۈركىستاننىڭ جۇغراپىيەلىك ئورنىنىڭ قولاي ئەمەسلىكى قېيىن مەسىلە ئىدى. شۇنداق بىر ۋەزىيەتتە خوجىنىياز ھاجىم، سالى دورغىلار باشچىلىقىدىكى قۇمۇل جىھادى باشلاندى ۋە ئالتە شەھەر (قارا

شەھەر، ئاقسۇ، كۇچا، قەشقەر، يەكەن، خوتەن) تەرەپلەرگىمۇ بۇ ئىنقىلابنىڭ خەۋەرلىرى كېلىشكە باشلىدى.

1932-يىلى جىن شۇرېن ھۆكۈمىتىنىڭ ئاساسلىق قوشۇنلىرى قۇمۇلغا توپلاندى. پۈرسەتتىن پايدىلىنىپ مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا ئالتە شەھەرنىڭ مۇھىم يەرلىرىدە ئەسكىرى ماھىيەتتە بىر تەشكىلات قۇرۇپ چىقماقچى بولدى ۋە بۇ پىكىرنى ئىنىسى نۇر ئەھمەدكە ئېيتتى. نۇر ئەھمەدمۇ دەرھاللا بۇ پىكىرگە قوشۇلدى.

1932-يىلى 9-ئاينىڭ 16-كۈنى تەشكىلات قۇرۇلۇپ نۇر ئەھمەد تەشكىلاتنىڭ بىرىنچى ئەزاسى بولدى. شۇ كۈندىن باشلاپ ئۇلار ئەزا توپلاشقا باشلىدى ۋە بىر ئايغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە ئەزالارنىڭ سانى 50 دىن ئېشىپ كەتتى.

تەشكىلات ئەزالىرىنىڭ بۇنچە تېز سۈرئەتتە كۆپىيىشى ئەمەلىيەتتە ھەيران قالارلىق ئىش ئەمەس ئىدى. چۈنكى، يىللاردىن بىرى ياتلارنىڭ نىجىس تاپىنى ئاستىدا ئېزىلگەن خەلقنىڭ مىللىي ھۆرلۈك ئۇچۇن قۇرۇلغان بۇنداق بىر تەشكىلاتقا جان دەپ ئەزا بولۇشى تۇرغانلا گەپ ئىدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە قۇمۇل، تۇرپان، كۇچا قاتارلىق جايلاردا قوزغالغان خەلق قوزغىلاڭلىرى خوتەن خەلقىنىمۇ سەگىتىپ قويغان ئىدى.

ئەسلىدە خوتەن رايونىدا ئالتۇن، قاشتېشى قاتارلىق قىممەتلىك بايلىقلار مول بولغانلىقتىن خەلقنىڭ ئىقتىسادي

ئەھۋاللىرى باشقا جايلاردىن ياخشىراق بولۇشى مۇمكىن ئىدى. لېكىن، خوتەننىڭ بۇ تەبىئىي ئەۋزەللىكلىرى خەلقنىڭ تېخىمۇ نامراتلىشىشىغا ۋە تېخىمۇ ئېغىر زۇلۇم چېكىشىگە سەۋەب بولۇپ قېلىۋاتاتتى. ياڭزېڭشىن، بولۇپمۇ جىن شۇرېن ھۆكۈمىتىنىڭ ئامبال، دوتەيلىرى خوتەن رايونىنى ئالتۇن - كۈمۈش، قاشتېشى بۇلايدىغان مۇھىم بازىغا ئايلاندۇرۇۋالغان ئىدى.

خوتەن خەلقىنىڭ بۇنداق تېز ماسلىشىشىنىڭ يەنە بىر سەۋەبى بولسا، 1930 - يىلى ئەتىيازدا خوتەننىڭ دوتەي، ئامباللىرى بىرنەچچە يۈز دىنىي مۆتىۋەرلەرنى يىغىپ بىر شۆتاڭ (ئەينى زاماندىكى خىتايچە مەكتەپ) دا يېغىن ئاچقان، يېغىن سەھنىسىگە جۇڭخۇا مىنگونىڭ دۆلەت بايرىقى بىلەن سۇنجۇڭشەننىڭ سۈرىتى ئېسىلغان. سۈرەت ۋە بايراق ئېسىپ چوڭ يېغىن ئاچقاننى كۆرۈپ باقمىغان دىنىي ساھەدىكىلەر نېمە ئىشكەن دەپ ھەيران بولۇپ تۇرغاندا، خوتەن ناھىيەسىنىڭ يېغىن باشقۇرۇۋاتقان ئامبىلى: «ھەممەيلەن باش كىيىمىنى ئالسۇن!» دەپ بۇيرۇغان . باشقا يېغىن قاتناشقۇچىلىرى قاتاردا دىنىي ساھەدىكىلەرمۇ سەللىلىرىنى ئالغان، ئامبال ئارقىدىنلا: «ھەممە كىشى بايراق بىلەن سۈرەتكە تازىم قىلسۇن!» دەپ ئېلان قىلغان، ئاخۇنۇملار بۇ سۆزنى ئاڭلاپ باش ئېگىپ تازىم قىلىشنى رەت قىلغان، دوتەي، ئامبال قاتارلىقلار باش ئېگىپ تازىم قىلىشقا بىر قانچە قېتىم زورلىغان بولسىمۇ ئاخۇنۇملار: «ئىسلامدا ئاللاھتىن باشقا ھەرقانداق نەرسىگە

تــازىم قىلىنىشــقا بولمايــدۇ!» دەپ قەتئىــي رەت قىلغــان ۋە مەيــداننى تاشــلاپ چىققــــپ كەتمەكچــى بولغـــان. دەرۋازا تۈۋىــــدە تۇرغـــــان چېــرىكلەر چــوڭ دەرۋازىنــى تاقــاپ قۇلــۇپ سـېلىۋالغان، نەچــچە ئــون چېرىــك ئەتراپتىكــى ئۆيلەرنىـــڭ ئــۆگزىلىرىگە چىقىـــپ قورالـلىـــق ھەيــۋە قىلغـــان، ئەممـــا ئـــاخۇنۇملار ۋە ئۆلارغـــا ئەگەشــكەن باشــقا ئۇيغــۇرلار بارغانســېرى غەزەپلىنىـــپ، دەرۋازىنـــى چېقىـــپ چىقىـــپ كەتمەكچــى بولغــان، مەيدانــدا قالايمىقــانچىلىق يــۈز بېرىــپ، بىــرەر سـائەتتىن كېــيىن ھۆكــۈمەت دائىرىلــرى دەرۋازىنــى ئېچىۋېتىشــكە مەجبــۇر بولغــان، بــۇ ۋەقە ســىرتتا چــوڭ غۇلغۇلىغــا سـەۋەب بولغــان ۋە دىنــى كەيپىيـــات قويــۇق بولغـــان خـــوتەن رايونىـــدا «خىتـــايلار دىنىمىزنــى يــوق قىلىشــقا ئۇرۇنۇۋاتىـــدۇ » دېــگەن تەشــۋىقات كەڭ تارقىلىپ، خەلقنىڭ غەزەپ ـ نەپرىتىنى قوزغىغان.

شــۇنداق، خەلقىمىـــز مىـــڭ يىللاردىـــن بېـــرى ئىســـلام دىنىغـــا ئېتىقـــاد قىلىـــپ كېلىۋاتقاچقـــا، ئىســـلام ئەقىدىســـى ۋە ئىســـلام ئەخلاقــى ئۇلارنىـــڭ قەلبلىـــرىگە مۇســـتەھكەم ئورنـــاپ كەتـــكەن. ھەتتــا ئــۆرپ ـ ئــادىتىگە ئايلىنىــپ كەتــكەن بولغاچقــا، بــۇ مىلــلەت جىســـــمانىي ۋە مـــــاددىي خورلۇقلارغـــــا چىدايـــــدۇكى ھەرگىزمـــــۇ مـــۇقەددەس دىنىنىـــڭ ھاقارەتلىنىشـــىگە چىدىمايـــدۇ. گەرچە ئـــۇلار كـــۈچ جەھەتـــتە ئـــاجىز بولســـىمۇ، ئۇلارنىـــڭ ئېتىقادىغـــا ھۇجـــۇم قىلغـــان ھەرقانـــداق كۈچلـــۈك دۈشـــمەنمۇ بـــۇ ئېتىقـــاد ، ئىـــرادە ئالدىــدا ئېگىلىــدۇ، ســۇنىدۇ. شــۇڭا بــۇ ئــۈممەت، بــۇ مىلــلەت گەرچە نۇرغـــۇن بـــوران ـ چـــاپقۇنلارنى بېشـــىدىن ئۆتكـــۈزگەن بولســـىمۇ

ساغلام ئېتىقادىنى ، ئېسىل مەدەنىيىتىنى يوقاتماي كېلىۋاتىدۇ ۋە تا قىيامەتكىچە داۋام قىلىدۇ.

خوتەندە مانا مۇشۇنىڭدەك تەييار بىر ئاممىۋى ئاساس بولغانلىقى ئۈچۈن مۇھەممەد ئىمىن بۇغرانىڭ تەشكىلاتقا ئەزا تويلىشى ئۈنچە قىيىنغا چۈشمىدى.

كېيىن قەشقەر، يەكەنلەردىمۇ تەشكىلات قۇرۇش پىكرى تۇغۇلدى ۋە ھەممىدىن قەشقەردە تەشكىلات قۇرۇش ئۈچۈن ئاي دەپ خىيال قىلغان مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا ئىنىسى نۇر ئەھمەد بىلەن تەشكىلات ئەزالىرىدىن قۇربانىللانى قەشقەرگە ئەۋەتتى. بۇ ئىككىسى ئىلگىرى قەشقەردە ئوقۇغانلىقى ئۈچۈن قەشقەردىكى تالىپلار بىلەن ئالاقىسى بار، تالىپلاردىن ئەزا تويلاش ئاسان بولار دېگەن مەقسەتتە بۇلارنى ئەۋەتكەن ئىدى. ئۇندىن باشقا ئۇلارغا يەنە قەشقەردىكى خىتاي ئەسكەرلىرىنىڭ سانى، كۈچى ۋە باشقا مۇناسىۋەتلىك ئەھۋاللارنى تەكشۈرۈپ كېلىشنىمۇ تاپىلىغان ئىدى، بىراق، ئۇلار قەشقەردە تەشكىلات قۇرۇشقا مۇۋەپپەق بولالمىدى.

بۇنىڭ سەۋەبى مۇنداق بولۇشى مۇمكىن: بۇ زامانلاردا، قەشقەردە بىر قانچە كۈچ بىر - بىرى بىلەن تىركىشىش ھالىتىدە تويلىنىپ قالغان بولۇپ، قەشقەرنىڭ ۋەزىيىتى مۇقىم ئەمەس ئىدى. يەنە بىرى، قەشقەردىكى ھەربىر گۇرۇھ ئۆزىنى كۈچلەندۈرۈش ئۈچۈن جەڭگە يارايدىغانلىكى ئەرلەرنى مەجبۇرى ئەسكەرلىككە تۇتۇۋاتاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن نۇر ئەھمەد ئەزالىققا يارىغۇدەك ئادەم تاپالمىغان ياكى شۇنىڭغا لايىق شارائىتقا ئىگە

بولالمىغان. لېكىن ئۇلار باشقا ۋەزىپىلىرىنى جايىدا ئورۇنداپ، ئىنقىلابقا ئۇلگۇرۇپ خوتەنگە قايتىپ كەلدى.

خوتەندىكى مەخپىي تەشكىلات ئەزالىرىنىڭ ئەڭ مۇھىم پائالىيىتى ، مۇمكىن قەدەر كۆپرەك پۇل ۋە قورال توپلاش ئىدى. ئۇلارنىڭ پائالىيەتلىرى ناھايىتى ياخشى داۋام قىلغاچقا، ئالتە ئاي ئىچىدە قارىقاشنىڭ پۈتۈن يېزا - كەنتلىرىدە ، ھەر قايسى قاتلاملاردا ئەزالار توپلاندى ۋە ھەر بىر ئەزا ئۆزىگە لايىق ۋەزىپىگە تەيىنلەندى. خوتەن شەھىرى ۋە ئەتراپىدىمۇ خېلى كۆپ كىشىلەر تەشكىلاتقا قاتناشتى. بۇ مەخپىي تەشكىلاتنىڭ ئەزالىرى ھەرخىل ساھەلەرگە شۇنداق يېيىلدىكى، ھەتتا دۈشمەننىڭ ئىچكى قىسىملىرىدىمۇ تەشكىلات ئادەملىرى بار ئىدى، شۇڭا ئۇلار دۈشمەننىڭ پۈتۈن مەخپىي ئىش - ھەرىكەتلىرىدىن ۋاقىپلىنىپ تۇردى، ئەمما بۇ مەزگىل ئىچىدە دۈشمەن ئۇلارنىڭ ئىشىدىن پۈتۈنلەي خەۋەرسىز قالدى.

شۇنداق قىلىپ 1933 - يىلى 10 - ئايغىچە مەخپىي تەشكىلات ئەزالىرىنىڭ سانى ۋە قورال كۈچى خوتەن ۋىلايىتىدىكى خىتاي كۈچلىرى بىلەن تەڭلەشتى. مانا شۇنداق ياخشى بىر ۋەزىيەتتە 11 - ئايدا سابىت داموللام قايتىپ كەلدى ۋە تەشكىلاتقا قېتىلدى. دامولامنىڭ قايتىپ كەلگەن ۋاقتى رامىزان ئېيىغا توغرا كەلگەن بولۇپ، بۇ ناھايىتى ياخشى پۇرسەت ئىدى. ئۇ مەسچىت - خانىقالاردا قۇرئاندىن دەرس قىلىپ، جىھاد توغرىسىدىكى ئايەتلەرنى كەڭ - تاشا تەپسىر قىلدى. داموللام مول بىلىملىك ۋە ئۆتكۈر پىكىرلىك، يەنە

كېلىپ چەتئەللەردە ساياھەتتە بولغاچقا ئۆزىنىڭ ناتىقلىق كارامىتىنى كۆرسىتىپ خەلق ئىچىدە ناھايىتى زور تەسىر قوزغىدى. بۇ تەشۋىقات خەلققە نىسبەتەن زور بىر قوزغاتقۇچ رولىنى ئوينىدى.

رامىزان ئېيىنىڭ ئاخىردا تەشكىلاتقا يەنە بىر مۇھىم كىشى قاتناشتى. بۇ كىشى، خوتەندە ئەڭ چوڭ دىنى ۋە مىللىي نوپۇزغا ئىگە بولغان مۇھەممەد نىياز ئەلەم ئاخۇنۇم ئىدى. بۇ بىر ئاي ئىچىدە ئىنقىلابى تەشكىلاتقا قاتناشقانلارنىڭ سانى ناھايىتى تېز كۆپەيدى. ئەزالارنىڭ ھەممىسى قورال‌لىق بولمىسىمۇ يىگىرمە پىرسەنتى مىلتىق، قالغانلىرى قىلىچ ۋە نەيزىلەر بىلەن قوراللانغان ئىدى.

1933 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى سەيشەنبە، تەشكىلات ئەزالىرى 18 كىشىلىك ۋەكىللەر مەجلىسى ئاچتى. مەجلىستە مۇھەممەد نىياز ئەلەم ئاخۇنۇمنى ھۆكۈمدار سايلاپ ھەممە ئۇنىڭغا بەيئەت قىلدى. سابىت داموللاھاجىم باش مەسلىھەتچى ، مائارىپ، ئەدلىيە ۋە دىنى ئىشلارغا مەسئۇل قىلىندى. مۇھەممەتئىمىن بۇغرا ھەربى ئىشلارغا مەسئۇل قىلىنىپ، باش قوماندانلىققا تەيىنلەندى. ئۇ ھەم قوماندان ھەم ئۇرۇشتا تەدبىرلىك بولغانلىقى يەنە كېلىپ بۇ تەشكىلاتنى قۇرۇپ، تەرەققىي قىلدۇرغانلىقى ئۈچۈن ئەمەلى ھوقۇقى ھەممىدىن ئۈستۈن ئىدى. مەجلىس ئاخىردا قوزغىلاڭنىڭ باشلىنىش ۋاقتى 2 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى پەيشەنبە قىلىپ بەلگىلەندى.

لېكىن، خىتاي ھۆكۈمەت ئىدارىلىرىدىكى رازۋېتكىچىلارنىڭ خەۋەر قىلىشىچە، خىتايلار بۇ مەخپىي تەشكىلاتنىڭ ھەرىكىتىنى سېزىپ قالغان (يەنى: ھەر زامانقىدەك ئىش بولغان)، شۇنىڭ ئۈچۈن ھۆكۈمەت تەرەپنىڭ ئۇلارنى يوقىتىش ئۈچۈن خوتەندىكى ئەسكەرلىرىنى يېتەرلىك ئەمەس دەپ قاراپ گۇمىدىكى ئەسكەرلەرنى چاقىرغانلىقى، گۇمىدىن كېلىدىغان ياردەمچى قوشۇننىڭ پەيشەنبە كۈنى خوتەنگە يېتىپ كېلىدىغانلىقى مەلۇم بولدى. شۇنىڭ بىلەن ئىنقىلابچىلار جىددىي يىغىن ئېچىپ، قارىقاشقا ھۇجۇم قىلىش ۋاقتىنى 2 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى يەكشەنبە سەھەرگە ئۆزگەرتتى. بىراق، ھۇجۇم باشلاش سائىتىگە قەدەر ئاران 68 كىشى يىغىلدى. لېكىن ئۇلار ئادىمىنىڭ ئازلىقىغا قارارىنى ئۆزگەرتمەستىن، ئالالاھقا تەۋەككۈل قىلىپ سەھەر سائەت 5 تە قارىقاش ھاكىم مەھكىمىسىگە ھۇجۇم قىلدى، دۈشمەن خەۋەرسىز ھالدا ياتقانلىقتىن ئۇرۇش يېرىم سائەتلا داۋام قىلدى ۋە ھاكىم باشلىق 36 خىتاي ئۆلتۈرۈلدى، 12 سى خوتەن شەھىرىگە قاراپ قاچتى، قالغانلىرى ئەسىر ئېلىندى (ئەسىر ئېلىنغانلارنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكى مەلۇم ئەمەس). شۇ كۈنى كەچكىچە قارىقاش شەھىرى تامامەن ئازاد قىلىندى.

قارىقاشنىڭ ئازاد قىلىنغانلىقىنى ئاڭلىغان شەھەر ئىچى ۋە ئەتراپتىكى يېزا ـ كەنتلەردىن قولىغا پالتا ـ كەتمەن كۆتۈرۈشۈپ كەلگەن خەلق قىن ـ قىنىغا پاتماي ناھايىتى ھاياجان بىلەن ئىنقىلابچىلار تەرەپكە ئېقىشقا باشلىدى. ئۇلارنىڭ سانى شۇ كۈنى ئاخشامغىچە 10 مىڭغا يەتتى ۋە بىرەر

مىڭدەك ئادەم قارىقاش دەريا بويىغا ئەۋەتىلىپ خوتەندىن كېلىدىغان يولنى كۆزىتىشكە قويۇلدى. يەنە بىرەر مىڭدەك كىشىنى مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا چوڭ ئىنىسى ئابدۇللاھنىڭ باشچىلىقىدا زاۋىغا يوللاپ گۇمىدىن كېلىدىغان دۈشمەننىڭ يولىنى توسۇشقا بۇيرىدى. ئەتىسى كەچتە قارىقاش دەريا بويىدىكى قىسىملارغا خوتەنگە يۈرۈش قىلىش بۇيرۇقى بېرىلدى. زاۋادىكى قىسىملار گۇمىدىن كېلىۋاتقان خىتاي ئەسكەرلىرىگە ھۇجۇم قىلماي كېچىلەپ يۈرۈپ پىيالما (زاۋا بىلەن گۇما ئوتتۇرسىدىكى بىر ساي)غا كەلدى، لېكىن دۈشمەن پىيالمىغا بۇرۇن كېلىۋالغانلىقى ئۈچۈن، خەۋەرسىز يېقىنلاشقان ئىنقىلابچىلارنى تۇيۇقسىز ئوققا تۇتۇپ نۇرغۇن كىشىنى شېھىت قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئىنقىلابچىلار پاراكەندە بولۇپ ئارقىغا چېكىندى، دۈشمەن ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ كەلدى، قېچىش جەريانىدا يەنە ئىككى يۈزگە يېقىن ئەسكەر شېھىت بولدى، قالغان ئەسكەرلەر قۇمرابات ۋە تاربۇغا دېگەن جايلارغا چېكىنىپ مۇداپىئەدە تۇردى، ئارقىدىن دۈشمەنلەر يېتىپ كېلىپ قاتتىق ئۇرۇش باشلاندى، بەزى ئىستىھكاملار دۈشمەننىڭ قولىغا ئۆتۈپ كەتكەن بولسىمۇ كېيىن ئىنقىلابچىلار قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، باتۇرلۇق بىلەن جەڭ قىلىپ خىتايلارغا ئۆزلىرىنى بىر كۆرسىتىپ قويدى. دۈشمەن قاتتىق مەغلۇپ بولۇپ قاچتى. ئەمما، ئىنقىلابچىلار كېچىدە ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن قوغلىمىدى. دۈشمەن شۇ قاچقىنىچە گۇمىغا كەتتى.

**قىستۇرما**: يۇقىرىدا خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئىنقىلابى تەشكىلاتنى سىزىپ قېلىشى بىلەن گومىدىن ياردەمگە كېلىدىغان ئەسكەرلەرنى 2-ئاينىڭ 2-كۈنى خوتەنگە يېتىپ كېلىدىغانلىقى دېيىلگەن ئىدى، لېكىن ئۇرۇش 2-ئاينىڭ 12-كۈنى باشلىنىپ 14-كۈنى ئىنقىلابچىلار گومىدىن كەلگەن دۈشمەن ئەسكەرلىرى بىلەن پىيالمىدا ئۇچراشتى ، دېمەك بۇ يەردە بىر چېكىش مەسىلە بار.

بۇنىڭدا تۆۋەندىكىدەك ئېھتىماللىقلار بار :

1 ـ گومىدىن ياردەمگە كەلگەن قوشۇن 2-ئاينىڭ 2-كۈنى خوتەنگە كېلىپ بولغان ۋە خوتەن شەھىرىدە مۇداپىئە ھالىتىدە ساقلاپ تۇرغان، شۇنىڭ بىلەن ئىنقىلابچىلار قاراقاشنى ئالغاندىن كېيىن گومىدىنكى قالدۇق قىسىم ۋەزىيەتنى ئوڭشاش ئۈچۈن قارىقاش تەرەپكە كەلگەن ۋە پىيالمىدا ئىنقىلابچىلار بىلەن ئۇچراشقان .

2 ـ گومىدىن خوتەنگە كېلىش ئۈچۈن قارىقاشتىن ئۆتمەي بولمايدۇ، دۈشمەنگە ئىنقىلابچىلارنىڭ ھەممىسىنىڭ قارىقاشتا يىغىلغانلىقى ھەققىدە مەلۇمات يەتكۈزۈلگەنلىكى ئۈچۈن ئۇلار يولدا بىرەر كېلىشمەسلىكنىڭ يۈز بېرىشىدىن قورقۇپ خوتەنگە ياردەمگە كېلەلمىگەن.

مەيلى نېمىلا بولمىسۇن، گوما بىلەن قارىقاش ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن ئۇرۇش ئىنقىلابچىلارنىڭ غەلىبىسى بىلەن ئاخىرلاشتى.

خوتەنگە يۈرگەن قىسىم 2-ئاينىڭ 15-كۈنى ئاقتاشقا كەلگەندە شەھەردىن بىر قىسىم خىتاي ئەسكەرلىرى چىقتى. شۇنىڭ بىلەن ئوتتۇردا ئۇرۇش بولدى. ئىنقىلابچىلار مەغلۇپ بولۇپ چېكىنگەن بولسىمۇ خىتاي ئەسكەرلىرى ئۇلارنى قوغلىماي شەھەرگە قايتىپ كىرىپ كەتتى. ئىنقىلابچىلار دۈشمەننىڭ كۈچىنى سىناپ خاتىرجەم بولغاندىن كېيىن، خوتەننى مۇھاسىرە قىلىش ۋە قەشقەردىن كېلىش ئېھتىماللىقى بولغان دۈشمەن قىسىمنىڭ ئالدىنى توسۇش خىزمىتىنى باشلىۋەتتى.

رازۋېتكىلار ئارقىلىق قەشقەردىن ئاساسلىق بىر قوشۇن كەلمىگەنلىكى ۋە يەكەننىڭ بۇ تەرىپىدە دۈشمەن ئەسكىرىنىڭ يوقلىقى مەلۇم بولدى. شۇنىڭ بىلەن مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا چوڭ ئىنىسى ئابدۇللاھنى خوتەن ئالدىنقى سەپ قوماندانى قىلىپ، خوتەن شەھىرىنى مۇھاسىرە قىلىشقا ئەۋەتتى. ئىككى كۈندىن كېيىن قىسىملار شەھەرنىڭ شىمال ۋە غەرب تەرىپىگە كېلىپ سەپ تارتتى. 2-ئاينىڭ 24-كۈنى جۈمە نامىزىدىن كېيىن خىتاي ئەسكەرلىرى شەھەر سېپىلىدىن چىقىپ، شىمالدىكى قىسىمغا ھۇجۇم قىلدى. 3 سائەت داۋام قىلغان ئۇرۇشتىن كېيىن ئىنقىلابچىلار خىتاي ئەسكەرلىرىنى قورشىۋېلىشقا مۇۋەپپەق بولدى. قوماندان باشلىق خىتاي ئەسكەرلىرىنىڭ كۆپ قىسمى ئۆلدى. قالغان ئاز بىر قىسمى قېچىپ يېڭى شەھەرگە كىرىۋالدى. ئىنقىلابچىلار كونا شەھەرنى تامامەن قولغا چۈشۈردى. بۇ ئۇرۇشتا نۇرغۇنلىغان توپ ۋە باشقا قوراللار قولغا چۈشتى. ئەتىسى مۇھەممەد ئىمىن بۇغرانىڭ

قوماندانلىقىدىكى ئىنقىلابچىلار يېڭى شەھەرگە ھۇجۇم قىلىپ، تۆت تەرەپتىن مۇھاسىرگە ئېلىۋالدى. مۇھاسىرە 3 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنىگىچە داۋام قىلىپ، ئاخىرى سۇلھى تۈزۈش ئۇچۇن ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا ئالاقە باشلاندى. 3 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى سۇلھى تۈزۈپ كېلىشىم ھاسىل قىلىندى. ئەتىسى جۇمە كۈنى دۈشمەن قوماندانى مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا بىلەن كۆرۈشۈپ، قورال ـ ياراق، ئات ۋە ھۆكۈمەت خەزىنىسىنى تاپشۇرۇپ تەسلىم بولۇش شەرتى بىلەن ئۆلارنىڭ جېنى ۋە مېلىغا تەگمەسلىك، خالىغان خىتاي مۇسۇلمان بولۇش دېگەن ماددىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كېلىشىم ئىمزالاندى. ئەتىسى قورال ـ ياراق ۋە خەزىنە تاپشۇرۇپ ئېلىندى. بەزى خىتايلار بىر تەرەپتىن ئۆلىمالارنىڭ قېشىغا كېلىپ مۇسۇلمان بولۇشقا باشلىدى. شۇنداق قىلىپ 1933 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى خوتەن پۈتۈنلەي ئازاد قىلىندى. «ئى مۆئمىنلەر! سىلەر ئاللاھقا (ئاللاھنىڭ دىنىغا) ياردەم بەرسەڭلار، ئاللاھ سىلەرگە (دۈشمىنىڭلارغا قارشى) ياردەم بېرىدۇ، قەدىمىڭلارنى (ئۇرۇش مەيدانلىرىدا ) بەرقارار قىلىدۇ». (سۈرە مۇھەممەد 7 ـ ئايەت)

**قىستۇرما**: ئەينى دەۋردە باشقا شەھەرلەرگە ئوخشاش، خوتەن شەھىرىمۇ كونا شەھەر ۋە يېڭى شەھەر دەپ ئىككىگە ئايرىلىدىغان بولۇشى مۇمكىن. لېكىن ھازىر خوتەندە ئۇنداق ئاتالغۇ يوق.

خوتەن ئازاد بولۇپ تۇرۇشىغا ، بۇرۇنقى خوتەن ۋالىسى يەنجۇ ـ يەن دوتەينىڭ قەشقەر، يەكەن، قاغىلىق ۋە گۇمىدىن زور بىر

قوشۇن تۇپلاپ گۇمىدىن خوتەنگە قاراپ يولغا چىققانلىقى مەلۇم بولدى. مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا دەرھال خوتەندە قولغا چۈشۈرگەن قوراللار بىلەن قوراللانغان 650 كىشىلىك جەڭگىۋار بىر قوشۇننى مەۋلىۋى سۇبغۇتۇللانىڭ قوماندانلىقىدا زاۋۇغا ئەۋەتتى ۋە ئۆزىمۇ ئەتىسى ئۇلارنىڭ كەينىدىن يېتىپ باردى. بۇ ۋاقىتتا ئۇنىڭ كىچىك ئىنىسى نۇر ئەھمەدمۇ زاۋا ئالدىنقى سەپتە ئىدى. قوشۇن زاۋۇغا يىغىلغاندىن كېيىن قۇمراباتتا دۈشمەن بىلەن ئۇچرىشىپ قاتتىق جەڭ بولدى ۋە ئاخىردا دۈشمەن مەغلۇپ بولۇپ قېچىشقا باشلىدى. ئاتلىق قىسىم دۈشمەننىڭ كەينىدىن قوغلاپ ئاق لەڭگەر دېگەن يەرگىچە باردى ۋە قاراڭغۇ چۈشۈپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن قوغلاشنى بولدى قىلىپ قايتىپ كەلدى. خىتاي ئەسكەرلىرى بۇ جەڭدە شۇنداق قورقۇپ كەتكەن ئىدىكى، شۇ قاچقىنىچە ئۇدۇل گۇمىغا كەتكەن ئىدى.

ئەمدى ئىنقىلابچىلار قەشقەر تەرەپتىن خاتىرجەم بولغان ئىدى. بۇ ئارىدا خوتەننىڭ باشقا ناھىيەلىرىدىكى خەلق قارىقاش ۋە خوتەندىكى ئىنقىلابتىن ئىلھام ئېلىپ ئۆزلۈكىدىن قوزغىلىپ، چىرا ۋە كېرىيەلەرنى ئازاد قىلىپ، خوتەن ھۆكۈمىتىگە بەيئەت قىلدى.

قۇمراباتتا مەغلۇپ بولۇپ قاچقان يەن دوتەينىڭ ئەسكەرلىرى گۇمىغا بېرىپ بولغىچە گۇمىدا «خوتەن مۇجاھىدلىرى خىتاي ئەسكەرلىرىنى پۈتۈنلەر قىرىپ تۈگىتىپتىمىش» دېگەن سۆز تارقىلىپ بۇ خەۋەردىن ھاياجانلانغان خەلق قوزغىلىپ بىركېچىدىلا شەھەرگە ھۇجۇم قىلىپ شەھەرنى قولغا

كىرگۈزىۋالدى. ئىككى كۈندىن كېيىن يەن دوتەي ئەسكەرلىرى قېچىپ گۇمىغا كەلدى. بۇنى كۆرگەن خەلق ھېلىقى خەۋەرنىڭ توغرا ئەمەسلىكىنى ئۇقۇپ شەھەرنى تاشلاپ قېچىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن دۈشمەن شەھەردە قالغان خەلقنى قىرغىن قىلىپ 150 بىگۇناھ كىشىنى ۋەھشىيلەرچە ئۆلتۈرۈۋەتتى ۋە بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىپ شەھەرگە ئوت قويۇۋەتتى .

بۇ ۋاقىتلاردا يەنە، قاغىلىقتا مۇھەممەد قازى، پوسكامدا سابىرھاجى خوجا قاتارلىق كىشىلەرنىڭ باشچىلىقىدا قاغىلىق ۋە پوسكامدىكى خەلق قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ غەلىبە قىلغان ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن يەن دوتەي قورقۇپ كېتىپ، قېچىپ يەكەنگە بېرىۋالدى. ئۇ يولدا ئۇچرىغانلىكى خەلقنى بۇلاپ ـ تالاپ، ئۆلتۈرۈپ ماڭدى.

خوتەن تىنچىغاندىن كېيىن سابىت داموللام قەشقەرگە يۈرۈش قىلىشنى تەشەببۇس قىلدى. لېكىن مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا قاتارلىق بىر قىسىم ھۆكۈمەت ئەزالىرى خوتەندىن يۆتكەلمەستىن، خوتەننى مەركەز قىلىپ كۈچىيىش پىكرىدە ئىدى. ئەمما سابىت داموللام قەشقەرنىڭ ئەزەلدىن ئۇيغۇرلارنىڭ مۇلكى ۋە مەدەنىيەت مەركىزى ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭدىن باشقا قەشقەردىكى جۇغراپىيۋى ئەۋزەللىكلەرنىڭ كېيىنكى ئۇلۇغۋار غايىلەرنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا ئىنتايىن قولاي شارائىتلارنى يارىتىپ بېرىدىغانلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ ئۆز پىكرىدە چىڭ تۇرۇۋالدى . شۇنىڭ بىلەن مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا گۇما ۋە قاغىلىقتىكى ئىنقىلابچىلارغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن 3ـ ئاينىڭ

28ـ كۈنى ئىنىسى نۇر ئەھمەد بىلەن قوماندان سۇبغۇتۇللاھنى 2000 كىشىلىك قوشۇن بىلەن يولغا سالدى. بۇلار قاغىلىققا يېتىپ كەلگىچە يەن دوتەي يەكەنگە كېلىپ بولغان ئىدى. قەشقەردىن زور بىر تۇركۇم قوشۇن ئۇنىڭغا ياردەم بېرىش ئۇچۈن يەكەنگە كېلىپ يەكەندە كۇچلۇك بىر قوشۇن بولۇپ تەشكىللەنگەن ئىدى. خوتەن ئىنقىلابچىلىرى 4 ـ ئاينىڭ 4ـ كۈنى، قۇربان ھېيت كۈنى قاغىلىققا يېتىپ كەلدى.

قاغىلىق پوسكامدىكى قوزغىلاڭچىلار خوتەن ئىنقىلابچىلىرى بىلەن بىرلىشىپ يەكەن دەرياسى بويىغا توپلاندى ۋە يەكەن شەھىرىگە ھۇجۇم باشلىدى. ئۇلار يەكەن كونا شەھىرىنى ئاسانلا ئالغان بولسىمۇ دۈشمەننىڭ ئاساسلىق قوشۇنى يېڭى شەھەرگە كىرىۋالغاچقا ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا قاتتىق ئۇرۇشلار بولدى. بۇ ئۇرۇشتا قوماندان سۇبغۇتۇللاھ شېھىت بولدى. ئىنقىلابچىلار تىرىشىپمۇ غەيرەت قىلىپ ئۆزلىرىنىڭ ھەقىقىي خەلق ئوغلانلىرى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. دۈشمەن چېكىنىپ يېڭى شەھەرگە كىرىۋالدى شۇنىڭ بىلەن يەكەن يېڭى شەھىرى مۇھاسىرىگە ئېلىندى.

مۇھەممەد ئىمىن بۇغرالار ياردەمچى قوشۇننى يەكەنگە يولغا سېلىپ بولغاندىن كېيىن ئىنقىلابى تەشكىلاتنىڭ مەركىزىنى قارىقاشتىن خوتەن شەھىرىگە يۆتكىدى. 1933ـ يىلى 3ـ ئاينىڭ 31ـ كۈنى «خوتەن ئىسلام ھۆكۈمىتى»نى قۇرۇپ مۇھەممەدنىياز ئەلەم ئاخۇنۇمنى «مېلىك» ئۇنۋانى بىلە ھۆكۈمدار ئېلان قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ خەلق ئارىسىدا

مىلىك ھەزرىتىم دەپ ئاتالدى. مۇھەممەد ئىمىن بۇغرانىڭ
ئىككى ئىنىسىگىمۇ خوتەن ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن «ئەمىر»لىك
ئۇنۋانى بېرىلدى. ئەل ئارىسىدا چوڭ ئىنىسى ئابدۇللاھ «ئەمىر
ساھىپ»، كىچىك ئىنىسى نۇرئەھمەد بولسا «شاھ مەنسۇر»
دېگەن نام بىلەن مەشھۇر بولدى.

يەكەندە دۈشمەن كۈچى كۆپ، يېڭى شەھەر سېپىلى
ناھايىتى چوڭ ھەم مۇستەھكەم بولغاچقا خوتەن ھۆكۈمىتى
ئەمىر ئابدۇللاھنىڭ قوماندانلىقىدا يەكەنگە ياردەمچى قوشۇن
ئەۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇزۇنغا سوزۇلغان يەكەن مۇھاسىرىسى
باشلاندى.

*** *** ***

بۇ ئاي، بۇ كۈنلەردە قەشقەر ئىنتايىن مۇرەككەپ ۋە
قالايمىقان بىر ۋەزىيەتتە ئىدى. 1933 ـ يىلىنىڭ بېشىدا تۆمۈر
ئەلى كۇچادىن قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ چىققان ئىدى. ئۇ خەلقپەرۋەر
ۋە ناھايىتى باتۇر ئادەم بولغاچقا تېزلا خەلقنىڭ قوللىشىغا
ئېرىشكەن ۋە جەڭلەردە غەلىبە قازىنىپ قەشقەرگە يۈرۈش
قىلغان ئىدى. ئۇ ماجەنساڭ باشلىق تۇڭگانلار بىلەن
بىرلىشىپ ئاقسۇغا ھۇجۇم قىلغان ۋە ئاقسۇنى قولىغا ئالغان
ئىدى.

تۆمۈر ئەلى ئەسلىدە خوجىنىياز ھاجىم (خوجىنىياز ھاجىم بۇ چاغدا گۆچۈڭدا ئىدى) غا قېتىلماقچى بولغان ئىدى لېكىن، بۇ كۈنلەردە شىڭ شىسەينىڭ زامانىۋى قوراللانغان ياللانما ئاق ئورۇسلاردىن تەركىب تاپقان مۇنتىزىم قىسىملىرى شىددەت بىلەن توختىماي ھۇجۇم قىلىپ مەھمۇد مۇھىتى باشچىلىقىدىكى خەلق قوزغىلاڭچىلىرىنى ۋە ماجۇڭيىڭ باشچىلىقىدىكى تۇڭگانلارنى جەنۇبقا سۈرىۋاتاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن كورلىنى ئىشغال قىلىپ تۇرۇۋاتقان توختى لۈيجاڭ تۆمۈر ئەلىگە جەنۇبقا يۈرۈشنى تەۋسىيە قىلدى. شۇنىڭ بىلەن تۆمۈر ئەلى قارارىنى ئۆزگەرتىپ جەنۇبقا يۈرۈش قىلغان ئىدى.

تۆمۈر ئەلى ئاقسۇغا كەلگۈچە جىن شۇرېن ئەسكەرلىرى بىلەن بولغان ئۇرۇشلاردا ئۇدا غەلىبە قىلىپ نۇرغۇن ئەسكەر ۋە قوراللارغا ئىگە بولۇپ قالغان ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ، كورلىدىن ئېلى ھاجى، قاراشەھەردىن ھاپىز لۈيجاڭ قاتارلىقلار ئەسكەر باشلاپ كېلىپ ئۇنىڭغا قوشۇلدى. ئۇ ئاقسۇنى ئازاد قىلغاندا خوجىنىياز ھاجىم (گەرچە ئۆزى گۆچۈڭدا بولسىمۇ) ئۇنىڭغا سىجاڭ (دىۋىزىيە كوماندىرى)لىق ئۇنۋانىنى بەردى.

تۆمۈر سىجاڭ داۋاملىق ئىلگىرىلەپ مارالبېشىغا كەلگەندە قەشقەردىكى ھۆكۈمەت ئەسكەرلىرىنىڭ باشلىقى ياڭ چىمىن قەشقەردىن نۇرغۇن ئەسكەر باشلاپ كېلىپ مارالبېشىنى ئالدىنقى سەپ، تۇمشۇقنى ئىستىھكام قىلىپ ئۇلارنىڭ ئالدىنى توستى. ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا قاتتىق ئۇرۇش بولدى، ئاخىردا تۆمۈر سىجاڭ غەلىبە قىلدى.

تۆمۇر سىجاڭغا يانداش يەنە بىر كۆچ بولسا، قىرغىز ئوسمان ئەلى كۆچلىرى ئىدى. ئوسمان ئەلى ئەسلىدە قەشقەر ھۆكۈمىتىگە قاراشلىق قىرغىز قىسمىنىڭ يىگىجاڭى بولۇپ جىن شۇرېن ھاكىمىيىتىنىڭ زۇلمىغا چىدىماي تۇرغاندا تۆمۇر سىجاڭ مارالبېشىغا كەلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇمۇ ياڭ چىمىن بىلەن بىرگە قەشقەردىن چىققان ئىدى. بىراق ئۇ يولدا مەلۇم بىر ھەربىي ۋەزىپە تۈپەيلى ياڭ چىمىندىن ئايرىلدى ۋە بېرىلگەن ۋەزىپىنى ئورۇندىماستىن ئۆز ئادەملىرىنى ئېلىپ تاغقا چىقىپ كەتتى. ئۇ تۆمۇر سىجاڭغا مەخپىي ئادەم ئەۋەتىپ ئۇنىڭغا قوشۇلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. بۇچاغدا تۇمشۇقتا ئۇرۇش قىلىۋاتقان تۆمۇر سىجاڭ ئوسمان ئەلىنىڭ بىرلىشىش تەلىپىنى قوبۇل قىلىپ ئۇنى تۈەنجاڭلىققا تەيىنلىدى. ئوسمان ئەلى بۇ چاغدا توغراسۇ دېگەن تاغلىق رايوندا بولۇپ، تۆمۇر سىجاڭغا ئادەم ئەۋەتىپ بولغاندىن كېيىن قەشقەرنى نىشان قىلىپ، 200 دەك قىرغىزنى باشلاپ تاغدىن چۈشۈپ ئاتۇشقا كەلگەندە ئاتۇشتىكى ئۇيغۇر، قىرغىز ياشلىرى بەس-بەستە ئەسكەرلىككە تىزىمغا ئالدۇرۇشقا باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن ئوسمان ئەلىنىڭ ئادىمى مىڭغا يەتتى.

تۆمۇر سىجاڭ تۇمشۇقتىكى ئۇرۇشتا غەلىبە قىلىپ، ياڭ چىمىنىڭ قوشۇنىنى بىتچىت قىلدى ۋە قەشقەرگە قاراپ ئىلگىرىلىدى . ئۇ پەيزىۋاتقا كەلگەندە ئوسمان ئەلى 50 دەك ئادىمى بىلەن ئۇنى كۈتۈۋېلىشقا چىقتى. تۆمۇر سىجاڭ ئوسمان ئەلىنىڭ تۆھپىسىگە يۇقىرى باھا بېرىپ « قەشقەر چوڭ

شەھەر، مۇمكىن قەدەر ئۆرۈشماي تىنچ ئۆتكىنىمىز (كىرگىنىمىز) تۈزۈك» دەپ كۆرسەتمە بەردى.

5 ـ ئايدا ئوسمان ئەلى قەشقەرگە ئومۇميۈزلۈك ھۇجۇم قوزغىدى. خىتايلارنىڭ زۇلمىدىن تويۇپ كەتكەن، شەھەر ئەتراپىدىن چىققان دېھقانلارمۇ قولىغا چىققانلىكى نەرسىلەر بىلەن قوراللىنىپ ئۇلارغا قوشۇلدى. شۇنىڭ بىلەن قوزغىلاڭچىلارنىڭ سانى 10مىڭدىن ئېشىپ كەتتى. ئىنقىلابچىلارنىڭ باتۇرلۇق بىلەن جەڭ قىلىشى ۋە خەلقنىڭ ماسلىشىشى بىلەن ئوسمان ئەلى غەلىبە قىلىپ قەشقەرگە باستۇرۇپ كىردى. قەشقەر دوتىيى ماشاۋۋۇ بىر قىسىم ئەسكەرلىرى بىلەن ئاق بايراق چىقىرىپ تەسلىم بولۇشتى. شۇنىڭ بىلەن ئازاد قەشقەر شاد ـ خۇراملىققا چۆمدى.

شەھەر قوزغىلاڭچىلارنىڭ قولىغا ئۆتكەندىن كېيىن تۆمۈر سىجاڭ پەيزىۋاتتىن يېتىپ كەلدى. ئىككى كۈندىن كېيىن ماجەنساڭمۇ قەشقەرگە كىردى. گەرچە ماشاۋۋۇنى ئوسمان ئەلى تەسلىم قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ھۆرمەت يۈزىسىدىن ھاكىمىيەت ۋە خەزىنىنى ئۆتكۈزۈۋېلىش ئىشىنى تۆمۈر سىجاڭغا تاپشۇردى. ماجەنساڭ كېلىپلا قەشقەر يېڭى شەھەرگە ئورۇنلىشىۋالدى ۋە دوتەي يامۇلىدىكى 200 نەپەر ھۆكۈمەت ئەسكىرىنى ئۆزىگە قوشۇۋالدى. ئۇندىن باشقا خەزىنىدىكى 156 چارەك ئالتۇن، 380 مىڭ تىللا ۋە 56 مىڭ دانە يامبۇنى ئاچكۆزلۈك بىلەن ئىگىلىۋالدى. بۇنىڭغا قارىتا ئوسمان ئەلى كۆپ قېتىم نارازىلىق بىلدۈرگەن بولسىمۇ تۆمۈر سىجاڭ

«ماجەنساڭ بىزنىڭ ئىتپاقدىشىمىز» دەپ ئوسماننىڭ نارازىلىق پىكىرىنى رەت قىلدى.

ماجەنساڭ ماجۇڭيىڭغا قاراشلىق ئادەم بولۇپ، ئاقسۇدىكى ئۇرۇشتىن باشلاپ تۆمۈر سىجاڭ بىلەن ھەمكارلىشىپ كەلگەن ئىدى. لېكىن تۇڭگانلار يەنىلا ئۆز ئادىتى بويىچە جەڭ جەريانىدا ئۇرۇشنىڭ يامىنىغا ئۇيغۇرلارنى تاشلاپ قويۇپ ئۇرۇش مېۋىلىرىنى ئىگىلەپلا كەلدى. ئۇيغۇرلار بولسا ئۆز ئادىتى بويىچە «خەير » دەپلا كەلگەن ئىدى.

**قىستۇرما:** قەشقەرگە ھۇجۇم قىلىش ۋە قەشقەرنىڭ ئازاد بولۇش ۋاقتى ھەققىدە ئوخشاش بولمىغان ماتېرىياللاردا ئوخشىمىغان ۋاقىتلار بېرىلگەن. شۇ دەۋرلەردە ياشىغان ۋە نۇرغۇن ۋەقەلەرگە شاھىت بولغان مۇھەممەد ئىمىن بۇغرانىڭ خاتىرىسىدە «5 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى قەشقەر پۈتۈنلەي ئىنچىدى» دەپ يېزىلغان.

ئوسمان ئەلى تۇڭگانلارنىڭ ۋاپاسىزلىقىنى بىلگەچكە، باشتىن ئاخىرى تۆمۈر سىجاڭغا تۇڭگانلارنى قورالسىزلاندۇرۇش تەلىپىنى قويدى. ھەتتا «تۆمۈر سىجاڭ ئۇقمىغان كىشى بولۇپ تۇرۇپ بەرسۇن، يېڭى شەھەر مەسىلىسىنى ئۆزۈم بىرتەرەپ قىلاي» دېسىمۇ تۆمۈر سىجاڭ «خوجىنىياز ھاجىم تۇڭگانلار بىلەن بىرلىشىپ ئۇرۇمچى ھۆكۈمىتىگە قارشى ئۇرۇش قىلىۋاتىدۇ. بىز يېڭى شەھەرگە تېگىش قىلىپ قويساق ھاجىم بىلەن تۇڭگانلارنىڭ ئارىسى بۇزۇلىدۇ » دەپ ئۇنىڭ تەلىپىنى رەت قىلىۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن تۆمۈر سىجاڭ بىلەن ئوسمان

ئەلىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئىشەنچسىزلىك پەيدا بولۇپ كۆرۈنۈشتە بىردەك قىلىسمۇ ئەمەلىيەتتە ھەر ئىككىلىسى ئۆزى بىلگەنچە ھەرىكەت قىلىشقا باشلىدى. ماجەنساڭنىڭ نىيىتى ئەسلىدىلا قارا بولۇپ قەشقەرنى ماجۇڭيىڭنىڭ ئىلكىگە ئۆتكۈزۈشنىڭ كويىدا ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ قوراللىق 3 گۇرۇھ تەڭ تىركىشىپ، قەشقەردە ئىنتايىن مۇقىمسىز بىر ۋەزىيەتنى شەكىللەندۈرگەن ئىدى.

*** *** ***

يەكەن مۇھاسىرىسىدە تۇرۇۋاتقان ئەمىر ئابدۇللاھ قەشقەرگە بىر ھەيئەت ئەۋەتىپ تۆمۈر سىجاڭنىڭ غەلبىسىنى تەبرىكلىدى ۋە ئادەمگەرچىلىك قىلىپ، ھەر ئىشتا ئۆز - ئارا ياردەملىشىپ تۇرۇشنى ئېيتتى. تۆمۈر سىجاڭ بۇنى ياردەم تەلەپ قىلىش دەپ چۈشىنىپ قېلىپ ھاپىز تەنجاڭ باشچىلىقىدا 300 ئەسكەر ئەۋەتتى. بۇ ئىشتىن خوتەن ھۆكۈمىتىنىڭ ھېچ خەۋىرى بولمىغاچقا، ئۇلار يەكەندىكى ئەمىرلەر ياشلىق قىلىپ بىرەر كەمچىلىك ئۆتكۈزۈپ قويۇپ قەشقەردىكىلەر بىلەن ئارىدا بىر ئۇقۇشماسلىق پەيدا بولۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ 5-ئاينىڭ 28-كۈنى سابىت داموللامنى يەكەنگە ئەۋەتتى. سابىت داموللام يەكەنگە يېتىپ كېلىشتىن بىر كۈن بۇرۇن يەكەن يېڭى شەھەردىكى خىتايلار بەرداشلىق بېرەلمەي سۈلھى تەلەپ قىلدى ۋە خوتەندىكى شەرتلەرگە ئوخشاش شەرتلەر ئاستىدا تەسلىم

بولۇشىنى قوبۇل قىلىپ كېلىشىم تۈزۈلدى. ئەتىسى سابىت داموللامىنىڭ يەكەنگە يېقىنلاشقانلىقىنى ئاڭلاپ، مۇھاسىرىگە مەسئۇل بولغان قوماندانلارنىڭ كۆپىنچىسى داموللامنى مۇراسىم بىلەن كۈتىۋېلىش ئۈچۈن شەھەر سىرتىغا چىقىشتى. يەكەندىكى قىسىملارنىڭ قوماندانسىز قالغانلىق پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ قوشۇندىكى تۇڭگانلار ئالدىنى توسقىنىغا قارىماي بىر قانچە ئادەمنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ يېڭى شەھەرگە قېچىپ كىرىۋالدى.

ئەسلىدە خوتەن ئەسكەرلىرى پەقەت ئۇيغۇرلاردىنلا تەركىب تاپقان بىر قوشۇن ئىدى. بىراق، يەكەن مۇھاسىرىسىنىڭ دەسلەپكى كۈنلىرىدە مارالبېشىدىكى ماجەنساڭ يۈزگە يېقىن تۇڭگان ئەسكىرىنى كۆرۈنۈشتە ياردەم بېرىش، ئەمەلىيەتتە جاسۇسلۇق قىلىش ۋە يەكەندىكى ئولجا ـ غەنىمەتلىرىگە شېرىك بولۇش ئۈچۈن ئەۋەتكەن ئىدى. ئەمىرلەر بۇ تۇڭگانلارنى ئۇرۇشقا قاتناشتۇرماي «مېھمان» سۈپىتىدە تۇتۇپ تۇرۇۋاتقان ئىدى.

تۇڭگانلار قېچىپ يېڭى شەھەرگە كىرىۋالغاندىن كېيىن سېپىل ئىچىدىكى تەسلىم بولماقچى بولۇپ تۇرۇۋاتقان خىتايلارنى ئازدۇرۇپ «قەشقەردە ماجەنساڭ نۇرغۇن ئەسكەرلىرى بىلەن تۇرۇۋاتىدۇ ، يېقىندا يەكەنگە يېتىپ كەلمەكچى» دەپ ئۇلارنى سۈلھى قىلىش نىيىتىدىن ياندۇرۇۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن خىتايلار جاھىللىق بىلەن تىركىشىشكە باشلىدى.

مۇھاسىرە يەنە 15 كۈن داۋام قىلغاندىن كېيىن، تۇڭگانلارنىڭ سۆزىنىڭ يالغان ئىكەنلىكىنى بىلگەن خىتايلار يەنە سۈلھى تەلەپ قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا «خىتايلار بىلەن تۇڭگانلار پۈتۈن قورالliرىنى ۋە خەزىنىنى تاپشۇرۇش، پەقەت ئات-قامچىلىرى بىلەنلا قەشقەرگە كېتىشىگە رۇخسەت قىلىنىش» شەرتى بىلەن كېلىشىم تۈزۈلدى. ئەتىسى خىتايلار بىلەن تۇڭگانلار يەكەندىن چىقىپ كەتتى. لېكىن، ئۇلار ماڭغاندا «قائىدىسى بويىچە» كېلىشىمگە خىيانەت قىلىپ قورال ۋە خەزىنىنىڭ كۆپرەك قىسمىنى يوشۇرۇنچە ئۆزلىرى بىلەن ئېلىپ ماڭدى. ئەمىر ئابدۇللاھ بۇنى سېزىپ قالغان بولسىمۇ ئۇقماسقا سېلىپ ئۇلارنىڭ يەكەندىن چىقىشىغا يول قويدى. چۈنكى ئۇلارنى شەھەردە بىر تەرەپ قىلىۋەتسە، ئارىدا كېلىشىم بولغانلىقى ئۈچۈن نامەرتلىك بولاتتى. شۇڭا ئۇلارنى يولدا جايلىۋەتمەكچى بولدى ۋە بۇ ھەقتە تۆمۈر سىجاڭغا خەۋەر يوللىۋەتتى.

خىتايلار يەكەندىن چىقىپ كېتىپ بولغاندىن كېيىن ئەمىر نۇرئەھمەد مىڭ كىشىلىك قوشۇننى باشلاپ ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن يېتىشتى ۋە ئۇلارنى تىرە - پىرەن قىلىۋەتتى. خىتايلارنىڭ ئۆلگەنلىرى ئۆلۈپ، تىرىك قالغانلىرى پاراكەندە ھالدا قېچىپ كەتتى. بىراق ئۇلار قېچىپ قىزىلغا بارغاندا تۆمۈر سىجاڭنىڭ 400 كىشىلىك بىر قوشۇنغا ئۇچراپ قالدى، شۇنىڭ بىلەن دۈشمەننى ئىككى تەرەپتىن يوقاتقىلى باشلىدى. بۇيەردىن قېچىپ قۇتۇلغانلارنى يېڭىسااردا ئەھمەتخان تەنجاڭ تامامەن يوقاتتى. پەقەت بىر تۇڭگان قېچىپ بېرىپ ئەھۋالنى

ماجەنساڭغا مەلۇم قىلالىدى. يەكەن بىلەن يېڭىسار ئارىلىقىدىكى سايلىق دۆشمەن جەسەتلىرى بىلەن تولدى. ئىنقىلابچىلار بۇ قېتىم پۈخادىن چىققۇدەك بىر جەڭ قىلىپ، غالىبلارچە يەكەنگە قايتىپ كەلدى. شۇنداق قىلىپ 1933 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا يەكەن تولۇق ئازاد قىلىنىپ، خوتەن ھۆكۈمىتىگە رەسمى تەۋە بولدى.

*** *** ***

## ئالتە شەھەرنىڭ شۇ چاغلاردىكى سىياسىي ئەھۋالى :

خوتەن ھۆكۈمىتى: ساپ مىللىي ۋە دىنى خاراكتېرگە ئىگە ئىنقىلاب نەتىجىسىدە قۇرۇلغان بولۇپ تۈڭگان ۋە باشقا مىللەتلەردىن پۈتۈنلەي خالى، مۇستەقىل شەكىلدە ئىدى. يەكەندىن چەرچەنگىچە بولغان جايلارنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى.

قەشقەر ھۆكۈمىتى: قەشقەردە تۆمۈر سىجاڭ، ئوسمان ئېلى ۋە ماجەنساڭدىن ئىبارەت ئۈچ كاتتىۋاش بار ئىدى. يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتۈلگىنىدەك تۆمۈر سىجاڭ بىلەن ئوسمان ئەلى ئوتتۇرىسىدا ئازراق ئىچكى ئىختىلاپلار كۆرۈلگەن ئىدى. لېكىن بۇ، مۇرەسسە قىلغىلى بولمايدىغان دەرىجىدە ئېغىر ئەمەس ئىدى. تۆمۈر سىجاڭ بىلەن ماجەنساڭغا كەلسەك، تۈڭگانلار ھەمىشە ئۇرۇشنىڭ يامىنىغا ئۇيغۇرلارنى چىقىرىپ قويۇپ غەنىيمەتنىڭ ۋە ئورۇننىڭ ياخشىلىرىنى ئۆزلىرىنىڭ

قىلىۋېلىپ كەلگەنلىكى، ئۇنىڭدىن باشقا، ماجەنساڭنىڭ تۆمۈر سىجاڭغا ئىشەنمىگەنلىكى ھەم ماجۇڭيىڭ بىلەن خوجىنىياز ھاجىمنىڭ مۇناسىۋىتى بۇزۇلغانلىقى ئۈچۈن، تۆمۈر سىجاڭ بىلەن ماجەنساڭ ئوتتۇرىسىدا سۈركىلىش پەيدا بولۇپ توقۇنۇش يۈز بەرگەن ئىدى. نەتىجىدە تۇڭگانلار قېچىپ يېڭى شەھەرگە بېكىنىۋالغان ۋە مۇھاسىرىدە قالغان ئىدى. شۇنىڭ بىلەن قەشقەرنىڭ ئاساسلىق ھوقۇقى تۆمۈر سىجاڭنىڭ قولىغا ئۆتكەن ئىدى. يېڭىساردىن تۇمشۇق تاغلىرىغىچە بولغان جايلار قەشقەر ھۆكۈمىتىگە تەۋە ئىدى.

بۇ يەردە شۇنى قىستۇرۇپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى: 5-ئاينىڭ ئاخىردا تۇڭگانلار تۆمۈر سىجاڭدىن يېڭىلىپ يېڭى شەھەرگە كىرىۋالغاندىن كېيىن، تۆمۈر سىجاڭ ئۇلارنى جىددىي تۇرۇپ بىر تەرەپ قىلىۋەتمەي، سېپىلغا سولىۋېتىش بىلەنلا قانائەت قىلغان ئىدى. كېيىن تۇڭگانلاردىن ئېلىنغان مەلۇماتلارغا قارىغاندا، ئەگەر تۆمۈر سىجاڭ تۇڭگانلارنى قاتتىقراق بىر مۇھاسىرىگە ئالغان بولسا، ئۇلار پۈتۈن قوراللىرىنى تاشلاپ تەسلىم بولۇشقا تەييارلىنىپ تۇرغان ئىكەن. تۆمۈر سىجاڭنىڭ نېمە ئۈچۈن بۇنداق قىلغانلىقى ئېنىق ئەمەس. لېكىن تۆمۈر سىجاڭغا يېقىن بىر كىشىنىڭ مۇھەممەد ئىمىن بۇغراغا ئېيتىپ بېرىشىچە، تۆمۈر سىجاڭ «قاراشەھەردا تۇڭگانلارنىڭ كۈچى كۆپ، بىز تۇڭگانلارنى بۇنىڭدىن بەكرەك ئەزسەك، قاراشەھەردىكى تۇڭگانلار كېلىپ بىشىمىزغا بالا بولىدۇ» دېگەنمىش. يەنە بىرسىنىڭ سۆزلەپ

بەرگىنىگە قارىغاندا، «قىرغىزلار ۋە خوتەنلىكلەر بىلەن ئارىمىز بۇزۇلۇپ قالسا، مەن تۇڭگانلار بىلەن ئەپلىشىپ، ئۇ ئىككىسىنى مەغلۇپ قىلىمەن» دېگەن. ئۇنىدىن باشقا خوتەنلىك بىر كىشىگە «تۇڭگانلار بىلەن ئۇرۇش قىلىمەن دەپ ئەسكەرلىرىمنى زايە قىلىشىمنىڭ ھاجىتى يوق، ئۇلار مۇھاسىرىگە ئېلىنىدى، ئاچلىق ۋە باشقا قىيىنچىلىقلارغا چىدىماي، بىر كۈنى تەسلىم بولماقتىن باشقا چارىلىرى يوق» دېگەنىمىش. بۇ سۆزلەرنىڭ راست ـ يالغىنىنى بىلمەيمەن. مېنىڭچە ـ تۆمۈر سىجاڭ شىجائەتلىك، مەرد ۋە دىيانەتلىك ئادەم. شۇڭا ئۇ بۇنداق ئويلاردا بولۇشى مۇمكىن. لېكىن ئاچچىق بىر ھەقىقەت شۇكى، تۆمۈر سىجاڭنىڭ تۇڭگانلارغا قارىتا تۇتقان بۇ سىياسىتىدىكى خاتالىقىنىڭ كىيىنكى ئازادلىق كۈرەشلىرىگە كەلتۈرگەن زىيىنى ئىنتايىن ئېغىر بولدى.

يەنە بىرى، ئاقسۇ ھۆكۈمىتى: ئاقسۇ، كۇچا ئىسمائىل بەگ ۋە ۋاڭ بەگلەرنىڭ ھوقۇقى دائىرىسىدە بولسىمۇ تۇڭگانلارنىڭ قول ئاستىدىكى بىر ھاكىم سۈپىتىدە ئىش بىجىرەتتى. كېيىن ئۇلار 7 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا خوجىنىياز ھاجىمغا ئەلچى ئەۋەتىپ، ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى. تۇمشۇق تاغدىن بايىغىچە بولغان جايلار ئاقسۇ ھۆكۈمىتىگە تەۋە ئىدى.

يەنە بىر ھۆكۈمەت تۇڭگانلارنىڭ قولىدا بولۇپ كورلا، قاراشەھەر، لوپنۇر ۋە چاقىلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى.

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا قەشقەر ۋە ئاقسۇ ھۆكۈمىتى خوجىنىياز ھاجىمغا ئىتائەت قىلىش پوزىتسىيىسىدە، خوتەن ھۆكۈمىتى بولسا، خوجىنىياز ھاجىمنى ھەممىدىن بۇرۇن قوزغالغان ئىنقىلابنىڭ رەھبىرى ۋە ئەڭ كۈچلۈك دۈشمەنگە قارشى ئۇرۇش قىلىۋاتقان كىشى دەپ تونۇپ، ئۇنىڭغا قارىتا سەممىي ھۆرمەت ھېسسىياتى ئىچىدە، ھەمكارلىق مۇناسىۋىتىدە ئىدى.

خوجىنىياز ھاجىم 1933 ـ يىلى 6 ـ ئايدا، شېڭ شىسەي بىلەن بىرلىشىپ، ماجۇڭيىڭنى يوقىتىش ھەققىدە «جىمىسار پۈتۈمى» تۈزگەن ئىدى. (مۇسۇلمانلارغا قارشى كاپىرلار بىلەن بىرلىشىش ھەققىدىكى بۇ پۈتۈم، ماجۇڭيىڭنىڭ بىر قانچە قېتىملىق خىيانىتى ۋە خوجىنىياز ھاجىمغا سالغان زىيىنى تۈپەيلى، ئۇنىڭ ئۈستىگە سوۋېت كوڭسۇلىنىڭ مۇرەسسە قىلىشى بىلەن پۈتۈلگەن ئىدى). شۇ پۈتۈم بويىچە خوجىنىياز ھاجىم تۇڭگانلار بىلەن ئۇرۇش قىلىۋاتاتتى ۋە باشقا جايلاردىكى مىللىي ئىنقىلاب رەھبەرلىرىگە خەت يېزىپ، ئۆزىنىڭ تۇڭگانلارنى يوقىتىشقا ئاتلانغانلىقىنى بىلدۈرگەن ئىدى. خوتەنگە كەلگەن خەتنىڭ قىسقىچە مەزمۇنى مۇنداق ئىدى: «بىز مىللەتنى زۇلۇمدىن قۇتقۇزۇش ئۈچۈن چىقىپ، تۇرپان مۇسۇلمانلىرىنى قەتلىئام بالاسىدىن قۇتۇلدۇردۇق. ھازىر ئەڭ يامان دۈشمەن بولغان تۇڭگانلارنى يوقىتىش بىلەن شۇغۇللىنىۋاتىمىز. ھازىرچە، ئۇرۇمچى ھۆكۈمىتى بىلەن تۇڭگانلارنى يوقىتىپ بولغىچە بىر كېلىشىم تۈزدۇق. سىلەرگە شۇنى بۇيرۇق قىلىمەنكى، تەۋەلىكىڭلاردىكى جايلاردا قوراللىق

تۈگـﯩگــانلار بولســا ھەممىســـنى يــوقىتىدۇلار. چــۈنكى، بــۇلار غــايەت ئىنسابســـىز ، بـــۇلاڭچى ۋە مىللىتىمىـــزگە دۈشـــمەن خەلقتـــۇر. بىزنىــڭ ئــۆرۈمچى بىــلەن كىلىشــىم تــۈزگەنلىكىمىزدىن بەدگۇمانــدا بولمــاقتىلار. چــۈنكى بــۇ ۋاقىتلىــق كىلىشــىم . يــۇرت ئۆزىمىزنىــڭ. ئــۇنى ھەرگىزمـــۇ خىتاينىـــڭ قولىـــدا قويمـــايمىز». نەتىجىـــدە جـــايلاردىكى مىللىـــي قومانـــدانلار بەزىلىـــرى ئاكتىـــپ ھالـــدا، بەزىلىـــرى بولســـا ئىتتىپـــاق يۈزىســـىدىن بـــۇ چاقىرىققـــا ئـــاۋاز قوشتى.

*** *** ***

يۇقىرىــدا تىلغــا ئېلىنىـــپ ئۆتۈلگىنىــدەك، قەشــقەردە ۋەزىــيەت ئىنتــايىن قالايمىقــان ۋە مــۇرەككەپ ئىــدى. گەرچە، ئوســمان ئەلــى بىــلەن ئوتتــۇرا ئاســيادىن قېچىــپ كەلــگەن مۇھــاجىر ئــۆزبېكلەر تۆمـــۈر ســـىجاڭنىڭ رەھبەرلىكـــى ئاســـتىدا بولســـىمۇ، لـــېكىن ھەربىـــرى ئـــۆز ئالـــدىغا بولۇۋېلىـــپ، ئۆزلىرىـــدىن بولغـــان قومانـــدانلىرىنىڭ باشقۇرۇشـــىدا ئىـــدى. بـــۇلار بىـــرەر قـــانۇن يـــاكى تەرتىـــپ - ئىنتىزامغـــا بـــاغلىق بولماســـتىن، قوراللىـــق گـــۇرۇھ شـــەكلىدە ئىنتىزامســـىز ھـــالەتتە ئىـــدى. بـــۇ ســـەۋەبتىن قەشـــقەر خەلقــى «ھامــان بىــر كــۈنى بــۇلار ئــۆز ئىچىــدە ئىختىلاپ تۇغــدۇرۇپ، ئـــۇرۇش چىقىرىـــدۇ» دەپ ئەندىشـــە قىلاتتـــى. شـــۇنىڭ ئۈچـــۈن، يەكەن ئـــازاد قىلىنغانـــدىن كېيـــىن قەشـــقەر خەلقىنىـــڭ تولىـــسى

خوتەن هۆكۇمىتى بىلەن بىرلىشىشنى ئۈمىد قىلغان ئىدى. قەشقەر ئالىملىرى ۋە باشقا يۇرت كاتتىلىرى مەخپىي ھالدا ئادەم ئەۋەتىپ، سابىت دامولام ئەسكەرلىرى بىلەن قەشقەرگە كېلىشكە دەۋەت قىلماقتا ئىدى. بىر قىسىم قىرغىز قومانداﻧﻼرﯗ (بۆلەرنىڭ ئارىسىدا ئوسمان ئەلىمۇ بولۇشى مۇمكىن) بۇ تەكلىپكە قوشۇلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ خوتەن ھۆكۈمىتىگە ئاشكارا ھالدا ئادەم ئەۋەتتى.

سابىت داموللام، بالدۇرراق قەشقەرگە بېرىپ، يا سۇلھى بىلەن ياكى ئۇرۇش بىلەن بولسىمۇ بۇ چوڭ ۋە مۇھىم شەھەرنى خەتەردىن قۇتقۇزۇپ، خوتەن ھۆكۈمىتىنىڭ سىياسىي ئورنىنى مۇستەھكەملەش پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

ھەقىقەتەنمۇ قەشقەرنى ساقلاپ قېلىش بەك مۇھىم بولۇپ، ئالتە شەھەرنىڭ مۇقىملىقىنى تۇتۇپ تۇرۇشتا ۋە چەتئەل بىلەن ئالاقىلىشىشتە ئىستراگىيەلىك مۇھىم ئورۇن ئىدى. لېكىن ھازىر قەشقەرگە يۈرۈش قىلىشقا سەل بالدۇرلۇق قىلاتتى. چۈنكى، بۇ ئىش مىللىي ئىنقىلاب تېخى كۆرۈنەرلىك نەتىجىگە ئېرىشمىگەن، مىللىي ئىنقىلابنىڭ كۈچ تېپىپ، ئۆلىنى مۇستەھكەملىشى ئىنتايىن زۆرۈر بولغان بىر زاماندا، ئىككى مىللىي قوشۇننىڭ ئىختىلاپىغا سەۋەب بولۇپ قالدى. نەتىجىدە ناھايىتى ياخشى تەشكىللەنگەن خوتەن كۈچلىرى قاتتىق ئاجىزلاشتى. خېلىلا كۈچ كۆرسىتىپ تۇرۇۋاتقان تۆمۈر سىجاڭنىڭ ئەسكەرلىرى پاراكەندە بولۇپ، تۇگىشىپلا كەتتى ۋە

بەش ئاي داۋام قىلغان ئىچكى ئۇرۇش مەيدانىغا كىلىپ دۈشمەنگە ناھايىتى ياخشى پۇرسەت ھازىرلاپ بەردى.

مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا ۋە مىلىك ھەزرىتىم قاتارلىق خوتەن ھۆكۈمىتى كاتتىلىرى سابىت دامولامغا بۇ ئىشقا ئالدىرىماسلىق، تۆمۈر سىجاڭ ۋە تۇڭگانلارغا تەڭ كىلەلىگۈدەك كۈچنىڭ تىخى ھازىر بولمىغانلىقىنى، بىر ئاز پۇرسەت كۈتۈپ تۇرۇشنى ئىيتقان بولسىمۇ سابىت داموللام ئۆز پىكرىدە چىڭ تۇرۇۋالدى.

گەرچە سابىت داموللام بۇ ئىشتا بىر ئاز ئالدىراقسانلىق قىلىپ قويغان بولسىمۇ لىكىن ئۇنى پۈتۈنلەي خاتالاشتى دىگىلى بولمايتتى. چۈنكى، قەشقەرنىڭ ھازىرقى مۇقىمسىز ۋەزىيىتى خوتەن ھۆكۈمىتىنىڭ قەشقەردە نوپۇز تىكلىۋىلىشى ئۈچۈن ناھايىتى ياخشى بىر پۇرسەت ئىدى. بۇنداق بولغاندا سابىت داموللام مىللىي مۇستەقىل دۆلەت قۇرۇشتەك ئۇلۇغۋار پىلانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا شارائىت ھازىرلىيالايتتى.

سابىت داموللام ئاخىرى مۇھەممەد ئىمىن بۇغرالارنى قايىل قىلىپ، 7-ئاينىڭ ئوتتۇرلىرىدا ئەمىر ئابدۇللاھنىڭ قوماندانلىقىدىكى 2500 كىشىلىك ھەيۋەتلىك قوشۇن بىلەن يەكەندىن يولغا چىقتى. سابىت داموللام تۆمۈر سىجاڭ بىلەن بىرلىشىپ تۇڭگانلارنى يوقىتىش ۋە خوجىنىياز ھاجىمغا ياردەم بىرىش مەقسىتىدە تۆمۈر سىجاڭغا خەت يىزىپ يوللىۋەتتى: «بىز قەشقەرگە يىقىن شەھەردىكى تۇڭگانلارنى يوقىتىش ئۈچۈن سىزگە ياردەم قىلىشقا بارىمىز. ئالتە شەھەردىن خاتىرجەم

بولغاندىن كېيىن ھازىرلىنىپ، دەرھال خوجىنىياز ھاجىمنىڭ ياردىمىگە بارىمىز».

ئۇلار 7 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى يېڭىسارغا يېتىپ كەلدى. قەشقەردىن بىر قىسىم يۇرت كاتتىلىرى ۋە ئۆلىمالار ئۇلارنى قارشى ئېلىشقا چىققان ئىدى. تۆمۈر سىجاڭمۇ يېنىغا ئەسكەر ئالمايلا ماشىنا بىلەن يېڭىسارغا كەلدى. ئۇ سابىت داموللامنىڭ بۇنداق چوڭ قوشۇن بىلەن كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ سەل ئەندىشە قىلىپ قالدى ۋە سابىت داموللامغا قەشقەرگە بېرىشنىڭ ھاجىتى يوقلىقىنى، تۇڭگانلارغا ئۆزىنىڭ كۈچى يېتىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، خوتەن ھۆكۈمىتى بىلەن قەشقەر ھۆكۈمىتى ئوتتۇرىسىدا يېڭىساردىكى شانىياز ئۆستىڭىنى چېگرا قىلىپ بەلگىلەش تەكلىپىنى ئوتتۇرىغا قويدى ۋە: «چېگرىمىزنى بەلگىلىۋېلىپ، تۇڭگانلارنى يوقىتىپ بولغاندىن كېيىن بىرلىشىش مەسىلىمىزدە ھېچبىر توسالغۇ قالمايدۇ. بۇ مەسىلىلەرنى ھەل قىلىمەن دەپ ئۆزۈم كەلدىم » ـ دېدى. ئەمما سابىت داموللام يەنىلا ئۆز پىكرىدە چىڭ تۇرۇپ، بىر قىسىم دەلىللەرنى كۆرسىتىپ تۇرۇۋالدى. تۆمۈر سىجاڭ داموللامنىڭ نىيىتىدىن قەتئىي يانمايدىغانلىقىنى كۆرۈپ، ئەمىر ئابدۇللاھ قوماندانلىقىدىكى خوتەن ئەسكەرلىرىنىڭ قەشقەرگە كىرىشىگە ۋە بىرلىشىپ يېڭى شەھەرگە ھۇجۇم قىلىشقا قوشۇلدى.

7 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى، سابىت داموللام ۋە ئەمىر ئابدۇللاھ 2500 كىشىلىك قوشۇننى باشلاپ قەشقەرگە تولىمۇ ھەيۋەت ۋە

سالاپەت بىلەن كىرىپ كەلدى. قەشقەر خەلقى بۇلارنى ناھايىتى قىزغىنلىق بىلەن داغدۇغىلىق ھالدا، دۇئا ـ تەكبىر سادالىرى ئىچىدە قارشى ئالدى. تۆمۈر سىجاڭمۇ ئىنتىپاقلىق يۈزىسىدىن ياخشى قارشى ئېلىپ، ھۆرمەت بىلدۈردى.

سابىت داموللام قەشقەرگە كىرگەندىن كېيىن، خەلق ئارىسىدا بىر ئىدىيەۋى ئاساس تەييارلاشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ھېس قىلىپ، ھەپتىدە بىر سان نەشر قىلىنىدىغان «شەرقىي تۈركىستان ھاياتى» دېگەن گېزىتنى نەشر قىلدۇرۇپ، گېزىتنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنىنى «دىنى، مىللىي، ئىلمى، ئەدەبىي، ئەخلاقى، سىياسىي گېزىت» دەپ بېكىتتى.

بۇ ئارىدا 500 ئەسكىرى بىلەن يەكەندە قالغان تۆمۈر سىجاڭنىڭ قول ئاستىدىكى ھاپىز تەنجاڭ ۋە قەشقەردىكى ئابدۇغوپۇر شاپتۇل داموللا باشلىق سابىت داموللامغا ھەسەت قىلىدىغان بىر قىسىم پىتنىخور كىشىلەر بىرلىشىپ، «سابىت داموللامنىڭ قەشقەردىكى ئىناۋىتىنىڭ كۈنسايىن ئېشىۋاتقانلىقىنى، ئەگەر بۇنداق كېتىۋەرسە تۆمۈر سىجاڭنىڭ ئورنىغا دەخلى يېتىدىغانلىقى ۋە يامان ئاقىۋەتلەرنىڭ كېلىپ چىقىدىغانلىقى» دەك بىر قاتار پىتنىلەر بىلەن تۆمۈر سىجاڭنى سابىت داموللامغا قارشى كۈشكۈرتۈشكە باشلىدى. ئۇندىن باشقا، سابىت داموللام ئۇقۇشماستىن بەزى ئىككى يۈزلىمچى ئادەملەر بىلەن يېقىن مۇناسىۋەتتە بولۇپ قالدى ۋە بىر قىسىم ئۆزىگە ھېسداشلىق قىلىدىغان كىشىلەرنىڭ كۆڭلىنى رەنجىتىپ قويدى. تۆمۈر سىجاڭ بولسا ھەدەپ ئۆز

ئەتراپىدىكى ئادەملەرگە كەلك ـ تاشا پۇل خەجلەپ، ئۆزىگە سادىق تەرەپدارلارنى كۆپەيتتى. ئاۋغۇست ئېيىدىن باشلاپ، تۆمۈر سىجاڭ سابىت داموللام بىلەن ئەمىر ئابدۇللاھقا ئاشكارا دۈشمەنلىك قىلىشقا باشلىدى. بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ، ئىشنىڭ يامان تەرەپكە قاراپ كېتىۋاتقانلىقىنى سەزگەن داموللام ئىلگىرى ياردەم قىلىمىز دەپ ۋەدە قىلغانلارنى ئىزدەشكە باشلىدى . ئەمما، ئۇلار ئاللىقاچان تۆمۈر سىجاڭ تەرەپكە ئۆتۈۋالغان ئىدى. پەقەت ئاز بىر قىسىم قىرغىزلارلا ۋەدىسىگە ۋاپا قىلىپ، داموللام تەرەپتە تۇردى.

ئەسلىدە بۇنداق كەسكىن ۋەزىيەتتە، سابىت داموللام ۋە ئەمىر ئابدۇللاھنىڭ قەشقەردىن چىقىپ كېتىشى كېرەك ئىدى. لېكىن ئۇلار، ئۆزلىرىنى ھىمايە قىلغان قىرغىزلارنى بۇنداق خەتەرلىك ۋەزىيەتتە يالغۇز تاشلاپ كېتەلمەي، ئۇلارنى قوغدايمىز دەپ ئىككى كۈن كېچىكىپ قالدى. 4ـ ئاۋغۇست كۈنى سەھەردە، تۆمۈر سىجاڭ سابىت داموللاملارنى ھىمايە قىلىدىغان قىرغىز قىسىملىرىنى قورالسىزلاندۇرۇش ئۈچۈن، ئۇلارغا ھۇجۇم قىلدى. داموللام قىرغىزلارغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن ئەسكەرلەرگە جەڭ بۇيرۇقى بەردى ۋە ئۆزىمۇ ئاتلىنىپ ماڭدى. لېكىن، تۆمۈر سىجاڭنىڭ تۇيۇقسىز قىلغان ھۇجۇمىغا ئۇچرىدى ۋە بەختىيارخان ئىسىملىك يېڭىسارلىق قوماندان بىر قىسىم يىگىتلىرى بىلەن ئەسىرگە چۈشۈپ قالدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە كېرىيە قىسمىنىڭ قوماندانى يۈزدەك ئەسكىرى بىلەن، خوتەنىدىكى كاتتا تەرىقەت مۇرشىدى ئىشاننىڭ ئوغلى ـ مۇھەممەد ئىمىن بۇغرانىڭ ئوقۇغۇچىسى بولغان غۇلام قادىر

نامەرتلىك قىلىپ 300 ئەسكىرى بىلەن تۆمۈر سىجاڭ تەرىپىگە ئۆتۈۋالدى. نەتىجىدە خوتەن ئەسكەرلىرى مەغلۇپ بولۇپ قارارگاھلىرىغا چېكىندى. ئەتىسى تۆمۈر سىجاڭ سابىت داموللام ۋە ئەمىر ئابدۇللاھتىن قوراللىرىنى تاپشۇرۇشنى تەلەپ قىلدى. ئۇلار «بىز بۇ ھەقتە مۇزاكىرىلىشەيلى» دەپ ئىككى كۈن كەينىگە كېچىكتۈرگەن بولسىمۇ سابىت داموللامغا ھەسەت قىلىدىغان بىر قىسىم قوماندانلار (بۇ ھەسەتلەرنىڭ ھەممىسى، يۇرتۋازلىق، ئابرۇيپەرەسلىك ۋە كۆرەلمەسلىكتىن بولۇۋاتاتتى) خوتەن ئەسكەرلىرى بۆلۈنۈپ تۇرۇۋاتقان ساراي-دەڭلەرگە تۇيۇقسىز باستۇرۇپ كىرىپ، ئۇلارنى قورالسىزلاندۇرۇشقا باشلىدى. ئەمىر ئابدۇللاھ بىر ئاماللارنى قىلىپ يەكەنگە قېچىپ كېتىشنى ئېيتقان بولسىمۇ، سابىت داموللام بۇ ئەھۋالدا ساق قۇتۇلۇپ چىقىپ كېتىشكە كۆزى يەتمەي، تەسلىم بولۇشنى قارار قىلدى. 8-ئاينىڭ 7-كۈنى ئەمىر ئابدۇللاھ قوراللارنى تۆمۈر سىجاڭغا تاپشۇردى. تۆمۈر سىجاڭ سابىت داموللام ۋە ئەمىر ئابدۇللاھ باشلىق بىر قانچە كىشىنى تۇتۇپ نەزەربەند قىلىپ قويدى. قورالسىزلاندۇرۇلغان خوتەن ئەسكەرلىرىنى بولسا، ئات ۋە پۇل - ماللىرىنى تارتىۋېلىپ، قەشقەردىن قوغلاپ چىقاردى. بەزىلىرى ئۆلتۈرۈلدى، يەنە بەزىلىرى بولسا ئاۋغۇستنىڭ پىژغىرىم ئىسسىقىدا پىيادە يۈرۈپ، دەشت-چۆللەردە ئاچلىق ۋە سۇسىزلىقتىن ئۆلۈپ كەتتى. شۇنداق قىلىپ قەشقەرگە ئىززەت بىلەن كىرگەن بۇ قوشۇن، بەزى ئادەملەرنىڭ نادانلىقى تۈپەيلى، خار ھالەتتە

چىقىپ كەتتى. ئەھۋالنىڭ يامانلىقىنى كۆرگەن ئوسمان ئەلمۇ ئادەملىرىنى ئېلىپ تاغقا چىقىپ كەتتى.

بەزى كىشىلەرنىڭ شەخسىيەتچى، نادانلىقى تۈپەيلى كاتتىلار ئوتتۇرىسىدا يۇرتۋازلىق، ئابرۇيپەرەسلىك ۋە مەنمەنچىلىك ئىزالىرى تارقىلىپ، كۆز ئالدىدىكى دۈشمەننى قويۇپ، «يىغا ياندىن، بالا قېرىنداشتىن» دېگەندەك، ئۆز ـ ئارا جېدەل ـ ماجىرا قىلىشىپ، دۈشمەنگە ئويۇن قويۇپ بەردى ۋە دوستلارنى يىغلىتىپ دۈشمەنلەرنى كۈلدۈرىدىغان نۇرغۇن كۆڭۈلسىزلىكلەر يۈز بەردى. نەتىجىدە، ئاللاھ تائالانىڭ: «ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلىڭلار. ئىختىلاپ قىلىشماڭلار. بولمىسا، (دۈشمەن بىلەن ئۇچرىشىشتىن) قورقۇپ قالىسىلەر. كۈچ ـ قۇۋۋىتىڭلار كېتىپ قالىدۇ. سەبىر قىلىڭلار. ئاللاھ ھەقىقەتەن سەبىر قىلغۇچىلار بىلەن بىللىدۇر» دېگەن ئايىتى ئۆزىنى نامايەن قىلدى.

تۆمۈر سىجاڭ سابىت داموللامغا ئاشكارا دۈشمەنلىك قىلىۋاتقان كۈنلەردە، يەكەندە 500 ئەسكىرى بىلەن تۇرۇۋاتقان ھاپىز تەنجاڭمۇ ئەمىر نۇر ئەھمەد بىلەن ئاشكارا قارشىلىشىۋاتاتتى. ئارلىقتا تۆمۈر سىجاڭ كىچىك ئاخۇن تۇەنجاڭنى 300 ئاتلىق ئەسكەر بىلەن يەكەنگە ئەۋەتكەن ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە تۆمۈر سىجاڭ ھە دەپ ئەمىر ئابدۇللاھ نامىدىن تەسلىم بولۇش توغرىسىدا ئەمىر نۇر ئەھمەدكە خەت يازغىلى تۇردى. لېكىن، ئەمىر نۇر ئەھمەد بۇ خەتلەرگە قۇلاق سالماي، ئۇلارغا پۈتۈن كۈچى بىلەن قارشى تۇرۇشقا تەييارلاندى. ئەمما

ھەر ئېھتىمالغا قارشى، يەكەندىكى ئارتۇق ئوق - دورا، توپ ۋە خەزىنىنى قاغىلىققا ئەۋەتىۋەتتى. بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ خوتەن ئەسكەرلىرى ئىچىدە «يەكەننى تاشلاپ چىقىپ كېتىدىكەنمىز» دېگەن سۆز تارقالدى. بۇنىڭغا ئىشىنىپ كەتكەن يەكەننىڭ چەت جايلىرىدا تۇرۇۋاتقان قوماندانلار ئۆزبېشىمچىلىق قىلىپ، ئەمىر نۇرئەھمەدتىنمۇ سورىماستىن بەش - ئالتە يۈز ئەسكەرنى باشلاپ قاغىلىق تەرەپكە يۈرۈپ كەتتى. بۇ ئىش باشقا ئەسكەرلەر ئىچىدە قاتتىق ئالاقزەدىلىك پەيدا قىلدى. بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن ھاپىز تەنجاڭ خوتەن ئەسكەرلىرىگە ھۇجۇم قىلىشقا باشلىدى. بۇ خەتەرلىك ۋەزىيەتتە ئەمىر نۇر ئەھمەد ئۇچۇن تەسلىم بولماقتىن باشقا چارە قالمىغان ئىدى. ئۇ ھاپىز تەنجاڭ بىلەن مۇزاكىرىلىشىپ ، قورال ۋە ئاتلارنى تاپشۇرۇش، ئەسكەرلەرنىڭ جېنى ۋە مىلىغا تەگمەسلىك، يەكەن دەرياسىدىن ئۆتمەسلىك قاتارلىق شەرتلەر بىلەن كېلىشىم ئىمزالىدى.

كېلىشىمگە ئاساسەن 8 - ئاينىڭ 16 - كۈنى قورال تاپشۇرۇلدى. ئەمما ھاپىز تەنجاڭ قورالنى ئېلىپ بولۇپلا نامەرتلىك قىلىپ كېلىشىمنى بۇزدى ۋە ئەمىر نۇرئەھمەد بىلەن بىر قانچە ئادەمنى تۇتۇپ قاماپ قويدى. قالغان ئەسكەرلەر ناھايىتى پاراكەندە بولۇپ چېچىلىپ كەتتى. يۈزدەك ئادەم قوماندانلىرىنى تاشلاپ كەتكۈسى كەلمەي يەكەن شەھرىدە يوشۇرۇنۇپ يۈردى. ھاپىز تەنجاڭ يەكەننى قولغا كىرگۈزۈپ بولغاندىن كېيىن، 8 - ئاينىڭ 20 - كۈنى قاغىلىققا يۈرۈش قىلدى. ئۇنىڭ كېلىۋاتقانلىقىدىن خەۋەر تاپقان

قــــاغىلىقتىكى خـــــوتەن ئەســــــكەرلىرى قــــاغىلىقنى بوشــــــتىپ خـــوتەنگە قايتىـــپ كەتتـــى. ئەتىســـى هـــاپىز تەنجـــاڭ قـــاغىلىقنى ئىشغال قىلدى.

هــــاپىز تەنجـــاڭ بۇنىڭلىـــق بىلەنـــلا بولـــدى قىلىدىغانـــدەك ئەمەس ئـــدى ۋە ئۆزىمـــۇ تۇيمىغـــان هالـــدا تۇيـــۇق يولغـــا قـــاراپ كېتىۋاتـــاتتى. ئـــۇ گۇمىغـــا بىـــر قىســـــم ئەســـكەر يوللىـــدى. ئـــۆزى بولســـا يەكەنـــدىن كېلىـــدىغان يـــاردەمچى قوشـــۇن يېتىـــپ كېلىشـــى بىلەن خوتەنگە يۈرۈش قىلماقچى بولدى.

هــاپىز ئەۋەتــكەن ئەســكەرلەر گۇمىغــا يېتىــپ كېلىــپ شــەهەرنى ئىشــغال قىلــدى. بــۇ خەۋەرنــى ئاڭلىغــان مــۇهەممەد ئىمىــن بــۇغرا دەرهـــال خوتەنـــدىن زاۋا ئالـــدىنقى ســـەپكە كەلـــدى ۋە گۇمىغـــا 1500 كىشىـــلىك بىـــر قوشـــۇن يوللىـــدى. بـــۇ قىســـم گۇمىغـــا كىـــرىپلا ئىككـــى تەرەپ ئوتتۇرىســـدا جەڭ قـــاتتىق قىزىـــپ كەتتـــى. ئـــاخىردا هـــــاپىز تەنجاڭنىـــــڭ قىســـــــمىلىرى مەغلـــــۇپ بولـــــۇپ قېچىشـــــقا باشـــــلىدى. قومانـــــدان باشـــــلىق 18 ئـــــادەم ئەســـــىرگە چۈشـــــتى. شۇنىڭ بىلەن گۇما قايتۇرۇۋېلىندى .

خـــوتەن هۆكـــۈمىتى ئىككـــى مىللىـــي قوشـــۇن ئۇرۇشـــۇپ بىهـــۇدە قـــان تۆكۈلمەســـلىكى ئۈچـــۈن، هـــاپىز تەنجاڭغـــا بىـــر ئەلچـــىلەر هەيئىتـــى ئەۋەتىـــپ ئـــۇنى كېلىشـــىمگە تەكلىـــپ قىلمـــاقچى بولـــدى ۋە ئەگەر بــــۇ تەكلىپنـــــى قوبــــۇل قىلمىســــــا، ئـــــاخىرغىچە ئۇرۇشـــــىدىغانلىقىنى ئېيتتـــــى. بىـــراق، بـــۇ هەيـــئەت قاغىلىققـــا يېتىــــپ بارماســـــتا «چـــولاق لەڭـــگەر» دېـــگەن جايـــدا هـــاپىز تەنجاڭنىـــڭ ئەســـكەرلىرى ئـــۆلارنى ئەســـىرگە ئېلىۋالـــدى. ئـــۇلاردىن

بەزىلىرى قىچىپ گۇمىغا كىلىۋالدى ۋە بۇ خەۋەرنى خوتەن ھۆكۈمىتىگە يەتكۈزدى. ئەسىرگە ئېلىنغانلارنىڭ ئىچىدە بۇ ھەيئەتنىڭ باشلىقىمۇ بار ئىدى. لېكىن ئۇ ھاپىز تەنجاڭ تەرەپكە ئۆتۈپ كەتتى ۋە گۇمىدىكى ئەسكەرلەرگە «ھاپىزنىڭ بۇ يەردىكى ئەسكەرلىرىنىڭ سانى 20 مىڭ، سىلەر دەرھال گۇمىنى بوشىتىپ خوتەنگە قايتىپ كېتىڭلار» دېگەن مەزمۇندا خەۋەر يوللىدى. گۇمىدىكى ئەسكەرلەر بۇ گەپلەرگە ئىشىنىپ 1500 كىشىنىڭ 20 مىڭ كىشىگە تەڭ كېلەلمەسلىكىنى چاغلاپ، گۇمىنى بوشىتىپ خوتەنگە قايتىپ كەتتى. مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا زاۋىدىكى پۈتۈن ئەسكەرلىرىنى توپلاپ، مۇداپىئەگە ھازىرلاندى. ھاپىز تەنجاڭ ئۇلارغا بىر قانچە پارچە تەھدىت خېتى ئەۋەتتى. مۇھەممەد ئىمىن بۇغراغا ھاپىزنىڭ كۈچى ھەققىدە ھەرخىل مەلۇماتلار كېلىشكە باشلىدى. ھاپىز تەنجاڭنىڭ قولىدا ئەسىرلىكتە قالغان ئەلچى ھەيئەتنىڭ باشلىقى خەتلىرىدە ھاپىز تەنجاڭ ئەسكەرلىرىنىڭ سانىنى داۋاملىق 20 مىڭ دەپ يازاتتى. گەرچە خوتەن ئەسكەرلىرىنىڭ سانى 5000 غا يەتسىمۇ، مىلتىقلىرى 500 دىن ئاشمايتتى. ئۇلارنىڭ قوراللىرى كۆپىنچە يەرلىك ئۇستىلار ياسىغان قوراللار بولۇپ ئوق ـ دورىلارمۇ يېتەرلىك ئەمەس ئىدى. چۈنكى پۈتۈن مىلتىق ۋە ئوق ـ دورا زاپاسلىرى قەشقەر، يەكەنلەردە يوقالغان ئىدى. شۇنىڭ بىلەن مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا بۇ ھالەتتىكى ئاجىز قوشۇن بىلەن ھاپىز تەنجاڭنىڭ «زور» قوشۇنىغا تەڭ كەلگىلى بولمايدىغانلىقىنى چۈشىنىپ قاتتىق ئەندىشىگە چۈشتى ۋە سۈلھى قىلماقچى بولۇپ ھاپىز تەنجاڭغا بىر ھەيئەت

ئەۋەتتى. بىراق، ھاپىز تەنجاڭ بۇلارنى پىسەنتىگىمۇ ئالماي داۋاملىق ئىلگىرىلىدى. ھەتتا ئەلچى ھەيئەت ئەزالىرىدىن بىرى بولغان تەرىقەت مۇرشىدى «كاتتا ئىشان» ـ قەشقەردە خائىنلىق قىلغان ھىلىقى غۇلام قادىر دېگەن ئەسكەرنىڭ دادىسى ـ ھاپىز تەنجاڭنى دەرھال خوتەنگە يۈرۈش قىلىشقا كۈشكۈرتتى.

**قىستۇرما**: بۇ ئىشان گەرچە تۇتقان يولى خاتا بولسىمۇ يەنىلا بىر دىن ئادىمى ئىدى. شۇنداق تۇرۇقلۇق ئۇ يەنىلا خائىنلىق يولىنى تاللىغان. ئاللاھ تائالانىڭ: «ئەگەر مۇئمىنلەردىن ئىككى گۇرۇھ ئۇرۇشۇپ قالسا، ئۇلارنىڭ ئارىسىنى تۈزەپ قويۇڭلار» دېگەن ئۇلۇغ كۆرسەتمىسىگە قارشى ئىش قىلىپ ئاللاھقا ئاسىي بولدى. يۇرت، خەلقنىڭ ۋە كېيىنكى ئەۋلادلارنىڭ لەنىتىگە قالدى. ياكى بۇنداق نامەرتلىك ئۇلارنىڭ قان ـ قېنىغا سىڭىپ كەتكەن ئادىتىمىدۇ ؟ ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقا مىراس قالىدىغان «شەرەپلىك» ئۇدۇمىمىدۇ؟!

شۇنىڭ بىلەن ھاپىز تەنجاڭ بۇ كاتتا ئىشاننىڭ ھىلىقى ئوغلى غۇلام قادىرنى (ئىشاننىڭ ئۆزىنى دېگەن قاراشمۇ بار) ۋە ھاپىز تەنجاڭ تەرەپكە ئۆتۈپ كەتكەن ھىلىقى ئەلچى ھەيئىتى رەئىسىنى بىرگە قوشۇپ خوتەنگە ئەسكەر يوللىدى.

بىر كېچىسى، خوتەن ھۆكۈمىتى يوللىغان كېيىنكى ھەيئەت ئۆمىكىدىكى بىر قانچە كىشى قېچىپ چىقىپ، قارىقاشقا كەلدى ۋە مۇھەممەد ئىمىن بۇغراغا ھەقىقىي ئەھۋالنى ئېيتىپ بەردى. ئەسلىدە ھاپىز تەنجاڭنىڭ پۈتۈن

قوشۇنى 3000 دىن ئاشمايدىغان بولۇپ، ھاپىز تەنجاڭ ئارىدا ئويۇن ئوينىغان ئىدى. بۇ ئەسنادا ئۇنىڭ زاۋىغا يېتىپ كەلگەن ئەسكەرلىرىمۇ 1000 دىن ئاشمايتتى. مۇھەممەتئىمىن بۇغرامۇ كۆرۈنۈشتە چېكىنگەن بولۇپ قارىقاشتىن خوتەنگە قايتىپ كېلىپ، بولغان ئەھۋاللارنى مېلىك ھەزرىتىمگە مەلۇم قىلدى ۋە شۇ كۈنى كېچىسى خوتەن ھۆكۈمىتى پۈتۈن كۈچىنى توپلاپ زاۋىغا ئەسكەر يوللاشقا باشلىدى. مۇھەممەد ئىمىن بۇغرامۇ ئەتىسى سەھەردە زاۋىغا يېتىپ كېلىپلا زاۋىدىكى ھاپىز تەنجاڭنىڭ ئەسكەرلىرى ئۈستىگە تۇيۇقسىز شىددەت بىلەن ھۇجۇم قىلدى. ئۈچ سائەت داۋام قىلغان قاتتىق ئۇرۇش زاۋا ئاسمىنىنى لەرزىگە كەلتۈرۈۋەتتى. ئاخىرى ھاپىزنىڭ ئەسكەرلىرى مەغلۇپ بولدى. ئەسكەرلىرىنىڭ كۆپ قىسمى ئۆلتۈرۈلدى ۋە ئەسىرگە چۈشتى. ئۆلمەي قالغان ئاز بىر قىسمى پىيالمىغا قېچىپ كەتتى. بۇ ۋەقەدىن كېيىن ھاپىز تەنجاڭ گۇمىدىن ئىلگىرىلىيەلمەي ، قەشقەردىن ياردەم كۈتۈپ تۇردى. ئەمدى قورقۇتۇش نۆۋىتى خوتەن ئەسكەرلىرىگە كەلگەن ئىدى. ھەر خىل يوللار بىلەن ئۇلارنى قورقۇتۇپ، تەھدىت سېلىپ ھاپىز تەنجاڭنى مەنسۇۋى جەھەتتىن تۈگەشتۈرۈپلا قويدى. ئۇ بۇ خىل ھالەتتە بىر ھەپتە تۇرۇپ، ئىلگىرىلەشكە جۈرئەت قىلالماي ئاخىرى 10- ئاينىڭ 2- كۈنى پۈتۈن ئەسكەرلىرىنى ئېلىپ قەشقەرگە قايتىپ كەتتى.

بۇ ئارىدا قەشقەردە چوڭ ۋەقەلەر يۈز بەرگەن ئىدى. تۆمۈر سىجاڭ سابىت داموللام بىلەن ئەمىر ئابدۇللاھ قاتارلىق بىر

قانچە كىشىنى نەزەربەند قىلىپ قويغاندىن كېيىن ئوسمان ئەلى ئادەملىرىنى ئېلىپ تاغقا چىقىپ كەتكەن ئىدى. شۇنىڭ بىلەن يېڭى شەھەردىن باشقا قەشقەرنىڭ پۈتۈن ھوقۇقى تۆمۈر سىجاڭنىڭ قولىغا ئۆتتى. ئۇ بۇنىڭدىن پەخىرلىنىپ بىخۇدلىشىشقا باشلىدى. كېيىن ئوسمان ئەلىنى تۇتۇپ كېلىش ئۈچۈن تاغقا بىر قانچە قېتىم ئەسكەر چىقارتقان بولسىمۇ ئۇنى تۇتۇشقا مۇۋەپپەق بولالمىدى.

9- ئاينىڭ 27- كۈنى تۆمۈر سىجاڭ ئوسماننى تۇتۇپ كېلىش ئۈچۈن تاغقا بىر قىسىم ئەسكەرلەرنى ئەۋەتتى ۋە ئۆزى ماشىنىغا ئولتۇرۇپ ھاۋالىنىپ كېلىش ئۈچۈن شەھەر سىرتىدىكى لەڭگەر دېگەن يەرگە چىقتى. يېڭى شەھەردىكى تۇڭگانلار بۇنىڭدىن خەۋەر تېپىپ، 50-60 دەك تۇڭگان پىدائىي بولۇپ، يوشۇرۇنچە شەھەر سېپىلىدىن چىقتى ۋە تۆمۈر سىجاڭ قايتىدىغان يولدا يوشۇرۇنۇپ تۇردى. كەچتە تۆمۈر سىجاڭ باغدىن قايتىپ تۇڭگانلار يوشۇرۇنۇپ ياتقان يەرگە كېلىشى بىلەنلا تۇڭگانلار تۇيۇقسىز ئوققا تۇتۇشقا باشلىدى. تاڭ- تۇڭ- تاڭ قىلغان ئاۋازلار دالىنى بىر ئالدى. تۆمۈر سىجاڭ بىخەستىلىك قىلىپ مۇھاپىزەتچىسى ۋە شوپۇرى بىلەنلا چىققاچقا نېمە بولغىنى ئاڭقىرىپ بولغۇچە تۇڭگانلارنىڭ ئەجەل ئوقلىرىدا ھاياتىنى ۋاقىتسىز ئاخىرلاشتۇردى. تۆمۈر سىجاڭنىڭ ئىنقىلاب ھاياتى ۋە قەشقەردىكى ھۆكۈمرانلىقى ئەنە شۇنداق ئاخىرلاشتى.

تۆمۈر ئەلى ـ سىجاڭ تەقۋادار، شىجائەتلىك، خەلقپەرۋەر ئادەم ئىدى. بىراق بىلىمسىز، ساددىلىقى تۈپەيلى ئەتراپىدىكى سۆخەنچى ئادەملەرنىڭ كەينىگە كىرىپ كېتىپ نۇرغۇن سەۋەنلىكلەرنى ئۆتكۈزۈپ قويىدى. ھەددىدىن زىيادە ساددىلىقىدىن ھەتتا سابىت داموللامنى كۈتۈۋالغىلى يېڭىسارغا بارغاندىمۇ يېنىغا ھېچقانداق ئەسكەر ئالماي، شوپۇرى بىلەنلا بارغان ئىدى. يەنە تېخى يېڭى شەھەردىكى تۇڭگانلارنىڭ ئىشىغا سەل قاراپ ئۇلارنى جىددىي تۇرۇپ بىر تەرەپ قىلىۋەتمىدى. ۋە شۇنچە قالايمىقان ۋەزىيەتتە تۆت ئادەم بىلەنلا ماشىنىلىق شەھەر سىرتىغا سەيلىگە چىقىپ ئاخىرى يەنە شۇ ساددىلىقى بېشىغا چىقتى. ئۆزى سەل قارىغان تۇڭگانلارنىڭ قولىدا ھاياتىنى ئاخىرلاشتۇردى. ( ئاللاھ ياتقان يېرىنى جەننەتتە قىلسۇن! )

تۇڭگانلار تۆمۈر سىجاڭنى ئۆلتۈرگەندىن كېيىن بېشىنى كېسىپ ئېلىپ يېڭى شەھەرگە قېچىپ كىرىۋالدى ۋە باشنى شەھەر دەرۋازىسىغا ئېسىپ قويىدى. 3 سائەتتىن كېيىن ماجەنساڭ پۈتۈن كۈچى بىلەن كونا شەھەرگە ھۇجۇم قىلىپ، قوماندانسىز قالغان ئەسكەرلەرنى مەغلۇپ قىلىپ، كونا شەھەرنى تارتىۋالدى. بىر كېچە ـ كۈندۈز شەھەردە قىرغىنچىلىق، بۇلاڭ ـ تالاڭ ئېلىپ بېرىپ قىلمىغان ئەسكىلىكى قالمىدى. قارشىلىق قىلغانلارنى شۇ جايدىلا ئېتىپ تاشلىدى. ئۆيلەرگە ، دۇكان ـ سارايلارغا ئوت قويۇۋەتتى . شۇنىڭ بىلەن قەشقەر شەھىرى بىر ھەپتە ياۋۇز تۇڭگانلارنىڭ قولىدا قالدى.

ھەرقانداق يۇرتنىڭ ھامىيلىرى ۋە پۇقرالىرى كۆچمىنىڭ بارچە تىركىشىپ، يۇرتنى جېنىنى تىكىپ قوغداپ، دۈشمەننى، بولۇپمۇ يات دۈشمەننى ئانا تۇپرىقىغا ئاياق باستۇرماسلىق كېرەك. ھېچ ئامال بولمىغاندا سۈلھى قىلىش ئارقىلىق بولسىمۇ دۈشمەننىڭ ھۇجۇم بىلەن باستۇرۇپ كىرىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك. بولمىسا ئاللاھ تائالانىڭ مۇنۇ سۆزىدىكىدەك ئىش يۈز بېرىدۇ: «ئۇ (يەنى بىلقىس) ئېيتتى: «شۈبھىسىزكى ، پادىشاھلار بىرەر شەھەرگە ھۇجۇم قىلىپ كىرسە، ئۇنى خاراب قىلىدۇ. شەھەرنىڭ مۆتىۋەر ئادەملىرىنى (ئۆلتۈرۈش، ئەسىرگە ئېلىش، سۈرگۈن قىلىش بىلەن) خار قىلىدۇ. ئۇلارمۇ شۇنداق قىلىدۇ». (سۈرە نەملە 34 ـ ئايەت)

تۇڭگانلارمۇ شۇنداق قىلدى. ئۇلار گەرچە مۇسۇلمان بولسىمۇ تەبىئىتىدە خىتايلارنىڭ ۋەھشىيلىكى بولغاچقا، بارغانلا يەردىكى خەلقكە زۇلۇم قىلىپ كۆرسەتمىگەن كۈنى قالمىدى.

تۆمۈر سىجاڭ ئۆلتۈرۈلگەن كۈنى، قەشقەر ياۋاغدىكى باغدا نەزەربەند قىلىنغان ئەمىر ئابدۇللاھ يەكەنگە قېچىپ كەتتى. سابىت داموللامۇ ئاتۇشقا چىقىپ كەتتى. قەشقەردىكى قالايمىقانچىلىق تۈپەيلى ئۇلارنى مۇھاپىزەت قىلىۋاتقان ئەسكەرلەرنىڭ ئۇلارغا قارىغۇدەك ھەپسىلىسىمۇ قالمىغان ئىدى.

ئەمىر ئابدۇللاھ يەكەنگە كېلىپ بىر مەزگىل يوشۇرۇنۇپ يۈردى. ھاپىز تەنجاڭ گۇمىدىن كەتكەندىن كېيىن، خوتەن

ئەسكەرلىرى گۇما ۋە قاغىلىقنى توسالغۇسىزلا ئېلىپ، پوسكامغا يېتىپ كەلدى. بۇنى ئاڭلىغان ھاپىز تەنجاڭنىڭ يەكەندىكى ئورۇنباسارى قورقۇپ كېتىپ، ئەمىر نۇرئەھمەد نى دەرھال قاماقتىن چىقاردى ۋە سۆلھى تەلەپ قىلدى. لېكىن، ئەمىر نۇرئەھمەد ئەسكەرلىرى بىلەن ئۇچرىشىپلا قوماندانلىقنى قولىغا ئالدى. ئالدىنقى قېتىملىق مەغلۇبىيەتتە چېچىلىپ كېتىپ يەكەندە يوشۇرۇنۇپ يۈرگەن بىرەر يۈزدەك ئەسكەر بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ، دەرھال ئوتتۇرىغا چىقتى ۋە ئەمىر نۇر ئەھمەدكە قوشۇلۇپ، قوراللىنىپ ھۇجۇمغا ئۆتتى. ئىچى دەردكە توشۇپ كەتكەن يىگىتلەر قاتتىق ھۇجۇم قىلىپ بىر سائەت ئىچىدە يەكەن كونا شەھىرىنى قولىغا ئالدى. ھاپىز تەنجاڭنىڭ ئەسكەرلىرى قېچىپ يېڭى شەھەرگە كىرىۋالدى. ئەمىر ئابدۇللاھمۇ خوتەندىن كەلگەن ئەسكەرلەرنىڭ قوماندانلىقىنى قولىغا ئالدى. 10-ئاينىڭ 21-كۈنى يېڭى شەھەر مۇھاسىرىگە ئېلىندى. بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا دەرھال خوتەندىن كەلدى ۋە ئۈچ ئايدىن بىرى ئۆلۈم بىلەن قان ئارىسىدا ياشاپ يەنە ساق قالغان ئىككى ئىنىسى بىلەن دىدارلاشتى ۋە بىر ھەپتە تۇرۇپ خوتەنگە قايتىپ كەتتى. 15 كۈنلۈك مۇھاسىرىدىن كېيىن يېڭى شەھەر ئىشغال قىلىندى. ھاپىز تەنجاڭنىڭ ئەسكەرلىرىگە قوراللىرىنى ئېلىپ خالىغان تەرەپكە كېتىشكە رۇخسەت قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن يەكەن يەنە بىر قېتىم خوتەن ھۆكۈمىتىگە تولۇق تەۋە بولدى. كونىلارنىڭ «ئەرگە بىر نۆۋەت، يەرگە بىر نۆۋەت» دېگىنى ھەقىقەتەنمۇ توغرا ئېيتىلغان ئىدى.

سابىت داموللام ئاتۇشقا چىققاندىن كېيىن، يۇرت كاتتىلىرى بىلەن، قەشقەرنى تۇڭگانلارنىڭ قولىدىن قانداق قايتۇرۇۋېلىش ھەققىدە مەسلىھەتلەشتى ۋە تاغدىكى ئوسمان ئەلى بىلەن بۇ ھەقتە ئالاقىدە بولدى.

ئوسمان ئەلى قەشقەردە بولۇپ ئۆتكەن ۋەقەلەرنى ئاڭلاپ، 10 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى پۈتۈن قىرغىز كۈچلىرىنى باشلاپ تاغدىن چۈشتى ۋە قەشقەر كونا شەھەرگە ھۇجۇم قىلدى. تۇڭگانلار مەغلۇپ بولۇپ يېڭى شەھەرگە قېچىپ كىرىۋالدى. ئوسمان ئەلىنىڭ شان ـ شۆھرىتى تېخىمۇ ئېشىپ، ئۆزىنى تۆمۈر سىجاڭنىڭ ئورنىغا سىجاڭ دەپ جاكارلىدى ۋە قەشقەر ھۆكۈمدارى بولدى. تۆمۈر سىجاڭنىڭ پۈتۈن ئادەملىرىنى ئۆزىگە تەۋە قىلىپ ئىككى ھەپتىدىن كېيىن يېڭى شەھەرنى مۇھاسىرە قىلدى. لېكىن، تۇڭگانلار سېپىلدىكى ئىستىھكاملىرىدا قاتتىق تۇرۇپ مۇداپىئە قىلىپ، جاھىللىق بىلەن قارشىلىق كۆرسەتتى. بۇ ئارىدا، تۆمۈر سىجاڭنىڭ قوماندانلىرىدىن بىرى بولغان ھاپىز تەنجاڭ، ئەھمەتخان ۋە ھەمدەمبەگ قاتارلىق كىشىلەر «خوجىنىياز ھاجىمنىڭ يېنىغا بارىمىز» دەپ، ئەسكەرلىرىنى ئېلىپ بىر ـ بىرلەپ ئوسمان ئەلىنى تاشلاپ كۇچاغا كەتكىلى تۇردى. نەتىجىدە ناھايىتى پۇختا بولغان شەھەر مۇھاسىرىسى ئاجىزلاپ قالدى.

ئوسمان ئەلى قەشقەر كونا شەھەرنى ئالغاندىن كېيىن سابىت داموللام ئاتۇشتىن قايتىپ كەلدى ۋە ئوسمان بىلەن ياخشى مۇناسىۋەتتە بولدى. ئۇ، ئەسلى مەقسەتنى ئىشقا

ئاشۇرۇش ئۈچۈن ھەرىكەتكە ئۆتتى. ئەتراپىغا ئۆزىنى قوللايدىغان ئۇيغۇر، قىرغىز ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىن كەلگەن مۇھاجىرلارنى توپلاپ (بۇ مۇھاجىرلارنىڭ كۆپىنچىسى ئۆزبېك)، خوتەن ھۆكۈمىتى بىلەن ئالاقىلىشىش مەركىزى شەكلىدە «خوتەن ئىدارىسى جەمئىيىتى»نى قۇردى. شۇنىڭ بىلەن قەشقەردە خوتەن ھۆكۈمىتىنىڭ تەسىرىنى كۈچەيتىپ، خوتەن بىلەن قەشقەرنى سىياسىي جەھەتتىن بىرلەشتۈرمەكچى بولدى. خوتەن ھۆكۈمىتىمۇ بۇنى قوللاپ جەمئىيەتنىڭ پۈتۈن خىراجەتلىرىنى ھۆكۈمەت خەزىنىسىدىن بەردى. سابىت داموللام كۆپنى كۆرگەن، بىلىملىك، ئادەم بولغاچقا قىسقا ۋاقىت ئىچىدە بۇ جەمئىيەت تەرەققىي قىلدى. ئۇ بۇ جەرياندا قاھىرەدە نەشر قىلىنىدىغان «ئەلمەنار» ژۇرنىلىغا بىر نەچچە پارچە خەت يېزىپ، ئۇلاردىن مەنىۋى ياردەملەرنى سورىدى. ئۇنىڭ «ئەل مەنار» ژۇرنىلىنىڭ 1933 ـ يىل دېكابىردا (رامىزاندا) نەشر قىلىنغان 8 سانىدا ئېلان قىلىنغان «شەرقىي تۈركىستان ئىنقىلابى» ناملىق ماقالىسىدە شەرقىي تۈركىستاننىڭ 58 يىلدىن بىرى خىتاي ئىستىبلاسى ئاستىدا قالغانلىقى ۋە ئۇلارنىڭ ئۇيغۇر خەلقىگە قىلغان زۇلۇملىرى، خوجىنىياز ھاجىم باشچىلىقىدىكى قومۇل ئىنقىلابى، تۇرپان، ئالتە شەھەردە يۈز بەرگەن ئىقلابلار ۋە بۇ ئىنقىلابلارنىڭ يۈز بېرىش سەۋەبى، جەريانلىرى، تۇڭگانلارنىڭ قىلغان خىيانەتلىرى ۋە ئۇلارنىڭ يۇرت ـ يۇرتلاردا ئۇيغۇر خەلقىگە سالغان زۇلۇملىرىنى تەپسىلىي تونۇشتۇرغان. سابىت داموللام بۇ ماقالىنى 1933 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى يېزىپ ئەۋەتكەن بولسىمۇ، شۇ ۋاقىتتىكى ناچار شارائىت تۈپەيلى كېچىكىپ

يېتىپ بارغان ۋە دېكابىر ئېيىدا «ئەلمەنار» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان. ژۇرنال مۇھەررىرلىرى ماقالىنىڭ كىرىش سۆزىدە سابىت داموللامنىڭ ئىلگىرى ئەۋەتكەن خەتلىرىگە جاۋاب تەرىقىسىدە مۇنداق دەپ يازغان: «بۇ ماقالە، شەرقىي تۈركىستان ئىنقىلابىنىڭ ئەركانلىرىدىن بىرى بولغان يېتۈك ئۆلىما، تەقۋادار ئۇستاز، سابىت ئىبنى ئابدۇلباقىنىڭ «ئەل مەنار» ژۇرنىلىغا يازغان ماقالىسى. بۇ زات مۇشۇ خەۋەر بىلەن بىزگە يەنە بىر پارچە مەكتۇپ يوللىغان بولۇپ، بۇنىڭدا ئىلگىرىكى مەكتۇپىدا تىلغا ئالغانىدەك، قۇرۇلماقچى بولغان يېڭى ئىسلام دۆلىتى ئۇچۇن «ئىسلامى ئاساسى قانۇن» لايىھەسى تەييارلاپ بېرىشنى تەلەپ قىپتۇ. ئاللاھ خالىسا پات يېقىندا تەييارلاپ ئەۋەتىمىز».

سابىت داموللام يازغان ماقالىنىڭ كىرىش سۆزى :

بسم الله الرحمن الرحيم

نحمده و نصلي على حبيبه المصطفى ، إن الله يحق الحق و يبطل الباطل ولو كره الكافرون

إلى الاستاذ العالم الجليل والفاضل النبيل رئيس العلماء الشيخ السيد محمد رشيد رضا أمد الله بحياته لنا ولجميع المسلمين . آمين

مانا بۇلاردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، سابىت داموللامنىڭ شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيەت قۇرۇشتەك بۈيۈك غايىسى بىردەملىك قىزغىنلىقتىن شەكىللەنگەن بىر ھەۋەس بولماستىن، بەلكى ئۇزۇندىن بىرى تۈزۈپ چىققان ئەتراپلىق پىلانى ئىدى. بۇ سەۋەبتىن ئۇ باشقا ئىسلام

ئەللىرنىڭ مەنىۋى جەھەتتىن بولسىمۇ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرەلىگەن. ئۇ بۇخارادا ئىلىم تەھسىل قىلىش، چەتئەللەردە زىيارەتتە بولۇش جەريانىدا ۋە ئۇستازى ئابدۇقادىر داموللامىنىڭ تەسىرىدە، زۇلۇم ۋە خارلىققا ئۇچرىغان، مەھكۇملۇقتا قالغان بىر مىللەتنى قۇتۇلدۇرۇشنىڭ بىردىنبىر يولى - زالىم ھاكىمىيەتنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، بىر بايراق ئاستىغا جەملەنگەن مۇستەقىل دۆلەتنىڭ بولۇشى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغان ۋە بۇ يولدا توختىماي ئىزدەنگەن، كۈرەش قىلغان. ئۇ رەشىد رىزاغا يازغان خېتىدىمۇ ئەزىز ۋەتىنىنىڭ 58 يىلدىن بىرى كاپىرلارنىڭ تۇرمىسىگە ئايلانغانلىقىنى تىلغا ئالغان.

سابىت داموللامىنىڭ قەشقەردە ئېلىپ بارغان خىزمەتلىرى نەتىجىسىدە، خەلق ئارىسىدىكى ۋە ھۆكۈمەت مۆتىۋەرلىرى ئىچىدىكى ئىناۋىتى كۈنسايىن ئېشىپ باردى. ئۇ خوتەن ھۆكۈمىتى ئەۋەتكەن پۇللارنى ئەسكىرى قىسىملارغا تارقىتىپ بېرىپ، ئۇلارنى ئۆزىگە مايىل قىلدى ۋە يېڭى شەھەر ئۇرۇشىغا تەشكىللىدى. لېكىن، بۇ كۈنلەردە ئوسمان ئەلى ھەر مىللەت قىزلىرىدىن توقال ئېلىپ راھەت - پاراغەتكە بېرىلىپ كېتىپ، ئەتراپىدىكى ئىشلاردىن خەۋەرسىز يۈردى. كېيىن خەۋەر تاپقاندا بولسا ئاللىبۇرۇن كېچىككەن ئىدى. چۈنكى سابىت داموللامىنىڭ ئىناۋىتى ئۆسۈپ، ئىش يېڭىشتۇرغىلى بولمايدىغان يەرگە يەتكەن ئىدى. كېيىن ئوسماننىڭ قول ئاستىدىكى قوماندانلاردىن ئۆزبېك سېيتىۋالدىجان، يۈسۈپجان ۋە قىرغىزلاردىن ئوراز بەگ، چىپەك قازى، ئابدۇخالىق ۋە ئادى بەگ

قاتارلىقلار ئۇنىڭدىن نارازى بولۇپ، ئاشكارا دۈشمەنلىك قىلىشقا باشلىدى. بۇنى كۆرۈپ ئوسمان ئەلى بىر ەر مىڭدەك قىرغىز ئەسكىرىنى باشلاپ بىر كېچىدىلا تاغقا چىقىپ كەتتى.

ئۇ، تاغدا قەشقەرنى قايتۇرۇۋېلىش ئۈچۈن ئەسكەر توپلاۋاتقاندا، شۇ ۋاقىتلاردا ئالتە شەھەر رايونىدا «باسمىچىلار» نى تازىلاۋاتقان سوۋېت ئارمىيىسىنىڭ قوماندانى ئىسھاقبېك تەرپىدىن قولغا ئېلىنىپ ئۆرۈمچىگە يوللانغان. 1934 ـ يىلى جاللات شېڭ شىسەينىڭ تۈرمىسىدە ھاياتى ئاخىرلاشتۇرۇلغان.

ئوسمان ئەلى غەيرەتلىك، باتۇر، ئادەمگەرچىلىكى بار، تەقۋادار ئادەم بولسىمۇ، ئەپسۇسكى، ساۋاتسىز بولغاچقا، ھاكىمىيەتنى پەقەت ئىككى ئايلا تۇتۇپ تۇرالىغان. ( ئاللاھ ياتقان يېرىنى جەننەتتە قىلسۇن ! )

شۇنىڭدىن كېيىن قەشقەردە مەمۇرى ئىشلار سابىت داموللامنىڭ، ئەسكىرى ئىشلار قىرغىز ئوراز بەگنىڭ قولىغا ئۆتتى. شۇنداق قىلىپ قەشقەردە مۇستەقىل بىر دۆلەت قۇرۇشنىڭ شەرت ـ شارائىتلىرى ئاساسى جەھەتتىن ھازىرلىنىپ قالغان ئىدى. يەنى، سابىت داموللامنىڭ ئارقا تېرىكى بولغان خوتەن ھۆكۈمىتى ھېچقانداق ئۆزۈش خەۋپى بولمىغان ئاساستا، ساپ ئۇيغۇرلاردىنلا تەشكىل تاپقان مىللىي قوشۇنى بىلەن خوتەن شەھىرىنى مەركەز قىلىپ تۇراتتى. يەكەن ۋە يېڭىسارىدىمۇ خوتەن ئەسكەرلىرى بار ئىدى. سابىت داموللامنىڭ قولىدا يېتەرلىك ئىقتىسادمۇ بار ئىدى (مۇھەممەد ئىمىن بۇغرانىڭ خاتىرىسىگە يېزىلغانلىرىغا كۆرە، خوتەن

ھۆكـــۈمـتى ســـابـىت داموللامغـــا دۆلـەت قـــۇرۇش ئىشــــى ئۈچـــۈن 10 كـىلو ئالتۇن ئەۋەتىپ بەرگەن).

قەشـــقەر ۋىلايىتـــى خـــوتەن ھۆكـــۈمىتىگە قاراشـــلىق ھالـــدا، ســـابىت داموللامـنـــىڭ تەســـەررۇپى ئاســـتىدا ئىـــدى. شـــەرق تەرەپـتە خوجىنىيـــاز ھـــاجىم ۋە مەھمـــۇت مـــۇھىتىلار بـــار ئىـــدى. گەرچە خوجىنىيـــاز ھـــاجىم ماجۇڭيىـــڭ بىـــلەن ئۇرۇشـــۇپ كـــۆپ ھەرەج تارتقـــان بولســـىمۇ، لـــېكىن، يەنـــىلا ئـــۆز كـــۈچىنى يوقاتمىغـــان ئىـــدى. شـــۇڭا قەشـــقەرگە قوشـــنا رايـــونلاردىن كېلىـــدىغان خەۋپ يـــوق دېيەرلـــىك ئىـــدى. ئۇنىڭـــدىن باشـــقا ســـابىت دامـــوللام بىـــر دۆلەتـــتە بولۇشـــقا تېگىشـــلىك بـــارلىق تەشـــكىلى پىروگرامـــا ، لايىھەلەرنـــى ھازىرلاپ بولغان ئىدى.

شـــــۇنداق قىلىـــــپ، ھىجـــــرىيە 1352 ـ يىلـــــى 9 رەجەپ ـ مىلادىـــــيە 1933 ـ يىلـــــى 11 ـ ئاينىـــــڭ 12 ـ كـــۈنى يەكشـــەنبە، قەشـــــقەردە، تـــارىختىكى تـــۇنجى ئىســـــلام جۇمھـــۇرىيەت ۋە بـــۇ مىللەتنىـــڭ تـــارىخى شـــان ـ شـــەرىپى، ئىپتىخـــارى بولغـــان «شـــەرقىي تۈركىســـتان ئىســـلام جۇمھـــۇرىيەت » قۇرۇلـــدى ۋە تـــۈمەن دەرياســـى بويىـــدا ـ كـــۆنچى مەھەللىســـىنىڭ ئالدىـــدىكى مەيدانـــدا تـــوپلار ئېتىلىـــپ، داغـــدۇغىلىق ھالـــدا مۇســـتەقىللىق ئـــېلان قىلىـــش مۇراســـىمى ئۆتكۈزۈلـــدى. مەيدانـــدا ئـــاي يۇلتۇزلـــۇق كـــۆك بـــايراق لەپىلدىـــدى. جۇمھـــۇرىيەت ئـــېلان قىلىـــش يىغىنىـــدا ســـابىت دامـــوللام ھۆكـــۈمەت باياناـــاتى ئوقـــۇدى ۋە ھۆكـــۈمەت ئەزالىرىنـــىڭ ئىســـىملىكى، ئاساســـى قـــانۇن، دۆلەت شـــېئىرى قاتـــارلىقلار ئـــېلان قىلىندى.

جۇمھۇرىيەت رەئىسى خوجىنىياز ھاجىم (ئاقسۇدا)

باش مىنىستىر (باش ۋەكىل) سابىت داموللام

باش قوماندان مەھمۇت مۇھىتى (ئاقسۇدا)

ئەدلىيە مىنىستىرى زىرىپ قارىھاجى

تاشقى ئىشلار مىنىستىرى قاسىم ھاجى

. . .

ئۇنىدىن باشقا ھەرساھە ئورۇنلارغا ھۆكۈمەت ئەزالىرى ئېلان قىلىندى. (ئۇلارنىڭ ئىسىم - ئىزلىرى جۇمھۇرىيەتنىڭ كېيىنكى مۇھىم ئىشلىرىدا تىلغا ئېلىنمىغانلىقى ئۈچۈن بۇ يەردىمۇ تىلغا ئېلىشنى ئارتۇقچە ھېسابلىدىم)

مۇراسىمدىن كېيىن نامايىش ئۇيۇشتۇرۇلۇپ، نامايىشچىلار تەنتەنە قىلىشىپ شەھەرنى ئايلاندى ۋە ھېيتگاھ مەيدانىغا كېلىپ توختىدى. سابىت داموللام ھاياجان بىلەن نەچچە مىڭلىغان خەلققە نۇتۇق سۆزلىدى. ھېيتگاھ مەيدانى ئۇزۇن يىللاردىن بىرى ھېچ كۆرۈلۈپ باقمىغان ھاياجان ۋە جۇشقۇنلۇققا چۆمدى.

شۇنداق، خەلق يىللاردىن بىرى ياتلارنىڭ زۇلۇمىغا ئۇچرىدى. خارلاندى. ئىززىتى دەپسەندە قىلىندى. مال - مۈلۈكلىرىدىن ئايرىلىپ، نۇرغۇنلىغان كىشىلەر سەرسان، سەرگەردان بولۇپ كەتتى. مانا ئەمدى ئاللاھ يولىدا ئاتلانغان خەلق ئوغلانلىرى قان - قىساسلىرىنى ئېلىپ، خەلقنىڭ

ئازوُسسدەك بىر دۆلەت قۇردى. مانا، ئالدىدا غالىبلارچە قەددىنى تىك تۇتۇپ، سالاپەت ۋە ھەيۋەت بىلەن تۇرۇۋشقان ئەسكەرلەر، قوماندانلار، رەئىسلەر خەلقىنىڭ ئۆز پەرزەنتلىرى، ئۆز قېرىنداشلىرى ۋە بۇرادەرلىرى تۇرسا، بۇلار ھاياجانلانماي يەنە كىم ھاياجانلانسۇن؟ مۇشۇ بەختىيار كۈنلەرنىڭ كېلىشىنى ئارزۇ قىلغان ئەمما تەقدىرنىڭ قىسمەتلىرى بىلەن بۇ كۈنلەرگە ئۇلىشالمىغان نەچچە مىڭلىغان ئەزىزلەر بۇ يولدا شېھىت بولۇپ كەتكەن بولسىمۇ، ئاللاھنىڭ ئىنايىتى بىلەن ئۇلارنىڭ بەرگەن قۇربانلىرى، ئاققان قانلىرى بىكارغا كەتمىدى، ئۇلار ئۆلمىدى، ئۇلار رەببىنىڭ دەرگاھىدا ھاياتتۇر!

**قىستۇرما**: بەزىلەر بۇ ئىشتا سابىت داموللامنى ئالدىراقسانلىق قىلدى دېيىشىدۇ . مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا باشلىق خوتەن ھۆكۈمىتى ئەزالىرى ۋە ئاقسۇدا تۇرۇۋاتقان خوجىنىياز ھاجىمۇ بۇ قاراشتا بولۇپ، نارازىلىق بىلدۈرگەن. ئۇلار، بولۇپمۇ خوتەن ھۆكۈمىتى بۇ جۇمھۇرىيەتكە نىسبەتەن گەرچە قارشى تۇرۇش مەيدانىدا بولمىسىمۇ ، ئانچە بەك قوللاپ كەتمىگەن.

لېكىن، بۇ ئىشتا سابىت داموللامنى ئالدىراپ كەتتى دېگىلى بولمايدۇ. چۈنكى بۇ ۋاقىت خىتاي ھۆكۈمىتى ياپونلار بىلەن ئۇرۇش قىلىۋاتقان ۋاقىت بولۇپ، خىتاي مەركىزى ھۆكۈمىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستاننى ئىدارە قىلغۇدەك مادارى قالمىغان ئىدى ۋە بۇ ئەھۋاللارغا قارىتا ئامالسىز بىر ھالەتتە سۈكۈت قىلىشقا مەجبۇر ئىدى. ئۈرۈمچى ھۆكۈمىتىمۇ ئۆز

ھەلەكچىلىكىدە قالغان بولۇپ، ماجوڭيىڭ بۇ يىل 9 ـ ئايدىن باشلاپ ئۇرۇمچىگە يۈرۈش قىلغان ئىدى. بۇ جەرياندىكى ئۇرۇشلاردا شىڭ شىسەي مەغلۇپ بولۇپ ئۇرۇمچىگە چېكىنىدى ۋە ئۇرۇمچى مۇھاسىرىدە قالدى. ھەتتا 1934 ـ يىلى يانۋاردا ماجوڭيىڭ ئۇرۇمچىگە بېسىپ كىردى. مانا مۇشۇنداق بىر پۇرسەتتە بۇ دۆلەتنى قۇرۇۋېلىش كېرەك ئىدى.

پەقەت سابىت داموللامنى ئالدىراپ قالدى دېيىلسە ، ئۇنىڭ يېڭى شەھەردىكى تۇڭگانلارنى تامامەن يوقاتماي تۇرۇپلا بۇ ئىشقا كىرىشكەنلىكىنى دېيىشكە بولىدۇ. چۈنكى، سىرتتىن ياردەمچى قوشۇنى كېلىپ قېلىش ئېھتىماللىقى بولغان ھەرقانداق دۈشمەننى سەل قارىماستىن بىرتەرەپ قىلىۋېتىش كېرەك. سابىت داموللامنىڭ مانا مۇشۇ سەۋەنلىكى تۈپەيلى ھېچ كۈتۈلمىگەن ۋەقەلەر يۈز بېرىپ ، ئورنىنى تولدۇرغۇسىز ئاقىۋەتلەر كېلىپ چىقتى.

سابىت داموللامنىڭ يەنە بىر سەۋەنلىكى، دۆلەتنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئورۇنلىرىغا بۇرۇندىنلا قورال كۆتۈرۈپ بۇ ئىنقىلابنى باشلىغان، ئىنقىلابقا ھەسسە قوشقان كىشىلەرنى تەيىنلىمىگەن ياكى ناھايىتى ئاز بولغان. ھېچ بولمىسا يەرلىكلەردىن كۆپرەك ئىشلەتمەي، چەتئەللەردىن كەلگەن مۇھاجىرلارنى ۋەزىپىگە قويغان. بەلكىم، ئىلگىرىكى كىشىلەرنىڭ ھاكىمىيەت ئىشلىرىدىكى سەۋەنلىكلىرى ۋە بىلىمسىزلىكلىرى تۈپەيلىدىن ئۆتكۈزۈپ قويغان كەمچىلىكلىرىدىن ساۋاق ئېلىپ، ئەتراپىغا بىلىملىك، كۆپنى

كۆرگەن ئادەملەرنى تۇپلىماقچى بولغان بولۇشىمۇ مۇمكىن. بىراق، بىر دۆلەتنىڭ، ھەتتا ئاددىي بىر ئورگاننىڭ پۇت تىرەپ تۇرالىشى ئۈچۈن ئەڭ مۇھىم نەرسە ساداقەتتۇر. باشقا مىللەتتىن بولغان مۇھاجىرلار بۇ مىللەتكە چىن كۆڭلىدىن كۆيۈنمەيدۇ. يەنى، ئۇلار ئوتتۇرا ئاسىيادا قۇرۇلغان بۇ مۇستەقىل دۆلەتتىن پايدىلىنىپ سوۋېت ھۆكۈمىتىگە قارشى تۇرۇش غەرىزىنى ئىشقا ئاشۇرماقچى بولۇشتى، شۇنىڭ بىلەن سوۋېت ھۆكۈمىتى باشتىنلا خالىماي كېلىۋاتقان بۇ دۆلەتتە ئۆزىگە قارشى تۇرۇۋاتقان «باسمىچىلار»نىڭ يۇقىرى ئورۇنغا چىقىۋېلىشى، سوۋېت ھۆكۈمىتىنىڭ يېڭى نوتا ھالىتىدىكى بۇ دۆلەتكە بولغان قارشىلىقىنى كۈچەيتىپ قويىدۇ. يەنە بىرى، سىرتتىن كەلگەن بۇ ئادەملەرنىڭ سوۋېت ھۆكۈمىتىنىڭ ئادەملىرى بولۇش ئېھتىماللىقى بولۇپ، بۇ ئادەملەر سوۋېت ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ دۆلەتنى «بۆشۈكىدىلا ئۇجۇقتۇرۇۋېتىش» پىلانى ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىدۇ.

دەلىل سۈپىتىدە، سوۋېت ھۆكۈمىتى بۇ ئىشقا جىددىي قاراپ، بۇ جۇمھۇرىيەتنى ھەر تەرەپتىن قىستاپ، پالەچ ھالغا چۈشۈرۈپ قويغان ۋە ئاخىرى يوقىتىۋەتكەن. ئۇنىڭدىن باشقا، جۇمھۇرىيەت قۇرۇلغاندىن كېيىن يۈز بەرگەن چوڭ - چوڭ ۋەقەلەر ۋە جەڭلەردە ئاز بىر قىسمىدىن باشقا يۇقىرى مەنسەپلەردىكى مۇھاجىرلارنىڭ ئىسمى تىلغا ئېلىنمايدۇ. دېمەك ئۇلار، ئۆز روللىرىنى جارى قىلدۇرمايدۇ. دۆلەت ئالدىدىكى مەسئۇلىيەتلىرىنى ئادا قىلمايدۇ. ئەكسىچە بەزىلىرى نۇرغۇن زىيانلارنى كەلتۈرىدۇ . مەسىلەن، «شەرقىي تۈركىستان

پەۋقۇلئـــاددە ئەلچىســـى» ئۇنـــۋانى بىـــلەن تەيىـــنلەنگەن كىشـــى، تېخـى يـېڭىلا تـۈركىيەدىن كەلـگەن بىـر تـۈرك بولـۇپ، ئـۇنى نۇرغـۇن ئـالتۇنلار بىـلەن ھىندىسـتانغا ئەلچىلىكـكە ئەۋەتـكەن ئىـدى. ئـۇ ھىندىســتانغا بېرىــپ، ئۇيــاق ـ بۇياقتــا قــاتراپ بېقىــپ ھــېچ ئىشـــنى باشــقا ئېلىــپ چىقالمــاي، ئــاخىرى پېشــىنى قىســتۇرۇپ تــۈركىيەگە كەتــكەن. ســابىت داملــوللام بەرگەن ئــالتۇنلارنى دەســمايە قىلىـپ ئىزمىردە چوڭ بىر دۇكان ئېچىپ ئولتۇرغان.

ســـــابىت داموللامنىـــــڭ بـــــۇ ســـــەۋەنلىكلىرى، ئۇنىـــــڭ مىللەتپەرۋەرلىكىگە ۋە بـــۇ ئـــۇممەتكە قوشـــقان تـــۆھپىلىرىنى، كەلتـــۈرگەن شـــان ـ شـــەرەپلىرىنى يـــوق قىلىۋېتەلمەيـــدۇ، ئەلـــۋەتتە. ئۇمـــۇ بىـــر ئىنســـان بولغـــانلىقى ئۈچـــۈن ۋە ئەينـــى چاغــدىكى ۋەزىــيەت شــۇنىڭغا مەجبــۇر قىلىــپ قويغــانلىقى ئۈچــۈن بەزى بىر خاتالىقلاردىن خالى بولالمىغان بولۇشى مۇمكىن.

يەنە بەزى ئـادەملەر ســابىت داموللامنىـــڭ نەق مەيدانـــدا يـــوق بىـــر ئـــادەمنى، يەنـــى ئاقســـۇدا تۇرۇۋاتقـــان خوجىنىيـــاز ھـــاجىمنى جۇمھـــۇر رەئىـــس دەپ ئـــېلان قىلىشـــنى «خوجىنىيـــاز ھاجىمنىـــڭ نوپـــۇزى ۋە كـۈچىـــدىن پايـــدىلىنىش ئۈچـــۈن بولغـــان» دېـــگەن. بـــۇ پەقەت، ســـابىت داموللامنىـــڭ ئـــوبرازىنى خۇنۈكلەشـــتۈرمەكچى بولغانلارنىـــڭ گېپـــى خـــالاس. ســـابىت دامـــوللام خوجىنىيـــاز ھـــاجىمنى باشـــتىن ئـــاخىرى ھـــۆرمەتلەپ، خەلقنـــى زۇلۇمـــدىن قۇتۇلـــدۇرۇش ئۈچـــۈن قولىغـــا قـــورال ئېلىـــپ ئاتلانغـــان مۇجاھىـــد، غـــازى دەپ تونۇغـــان ۋە ئـــۇنى بـــۇ ئورۇنغـــا مۇناســـىپ ئـــادەم دەپ قارىغـــان. ســـابىت داموللامنىـــڭ مىســـىردىكى «ئەل مەنـــار»

ژۇرنىلىغا ئەۋەتكەن «شەرقىي تۈركىستان ئىنقىلابى» ماۋزۇلۇق ماقالىسىدە، خوجىنىياز ھاجىمنى غازىلىق ئۇنۋانى بىلەن ئاتاپ، ئۇنىڭ ئىنقىلاب جەريانىدىكى ئىش - ئىزلىرىنى ھۆرمەت ۋە ئېھتىرام بىلەن تىلغا ئالغان. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە 1933 - يىلى 10 - ئاينىڭ 3 - كۈنى خوتەن ھۆكۈمىتى خوجىنىياز ھاجىمغا بىر ھەيئەت ئەۋەتىپ، ئۇنى پۈتۈن شەرقىي تۈركىستاننىڭ رەئىس جۇمھۇرى دەپ تونۇغانلىقىنى رەسمىي بىلدۈرگەن، ئۇنىڭغا ئەسكىرى ۋە ئىقتىسادى ياردەم بېرىش نىيىتىدە ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ، بىر ئەلچىلەر ھەيئىتىدىن 200 سەر ئالتۇن ئەۋەتكەن.

يەنە بىرى خوجىنىياز ھاجىم ئەڭ باشتا ئىنقىلاب قىلىپ چىققانلاردىن بولۇپ، قۇمۇل، تۇرپان ۋە ئاقسۇلاردىكى خەلقنى دۈشمەننىڭ زۇلۇمىدىن قۇتۇلدۇرغاچقا، پۈتكۈل خەلق ئۇنى تونۇيدۇ، ئېتىراپ قىلىدۇ ۋە ئۇنى چوڭ بىلىدۇ.

مانا بۇلار سابىت داموللامنىڭ خوجىنىياز ھاجىمنى ھۆرمەتلەپ، قوللىغانلىقىنىڭ ۋە ئۇنى بۇ ئورۇنغا مۇناسىپ ئادەم دەپ قارىغانلىقىنىڭ سەۋەبىدۇر.

*** *** ***

شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتىگە ئاساسلىق خەۋپ رۇسلاردىن كېلەتتى. چۈنكى، ئۇلار ئاران بېسىقتۇرۇپ

تۇرۇۋاتقان ئوتتۇرا ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرىنىڭ ئۆزىنىڭ يېنىدىلا بۇنداق بىر ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرۇلۇشىدىن ئىلھام ئېلىپ، مۇستەقىللىق دولقۇنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشىدىن ئەنسىرەيتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن سوۋېت ھۆكۈمىتى بۇ يېڭى ھۆكۈمەتنى كۆزگە قادالغان مىخ دەپ قاراپ تېزدىن كۆزدىن يوقاتماقچى بولدى.

جۇمھۇرىيەت قۇرۇلغاندىن كېيىن 11-ئاينىڭ 15-كۈنى ئەسلىدىكى «شەرقىي تۈركىستان ھاياتى» دەپ نەشر قىلىنىپ كېلىۋاتقان گېزىتنىڭ نامىنى «ئەركىن تۈركىستان» غا ئۆزگەرتىپ نەشر قىلىندى. بۇ گېزىتنىڭ 1-بېتىگە «كاشغەردە ھۆكۈمەت قۇرۇلۇشى» دېگەن خەۋەر بېسىلدى. ھۆكۈمەت يەنە «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» دېگەن خەت بېسىلغان قەغەز پۇل تارقاتتى. لېكىن بۇ پۇل قەشقەر رايونىدىلا قوللىنىلدى. خوتەن ھۆكۈمىتى بۇ پۇلنى ئېتىراپ قىلمىدى. بۇ ھۆكۈمەت نامىدىن يەنە پاسپورتمۇ تارقىتىلدى. ئۇلار يەنە «ئىستىقلال مەجمۇئەسى» دېگەن يېرىم ئايلىق ژۇرنالنى چىقىرىپ، ھۆكۈمەتنىڭ تەشكىلى ۋە ئاساسى قانۇنى، دۆلەت شېئىرى، دۆلەت بايرىقى، ۋە دۆلەت بەلگىسى قاتارلىقلارنى ئېلان قىلدى. بۇ مەجمۇئەنىڭ شوئارى: دىندا، تىلدا، دىلدا، پىكىردە، ۋە ئىشتا بىرلىك ئىدى.

سابىت داموللام تاشقى ئىشلار مىنىستىرى خوتەنلىك قاسىم ھاجىنى چەتئەلگە قورال-ياراق سېتىۋېلىش ، چەتئەل ھۆكۈمەتلىرىنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈش ئىشىنى

بىجىرىشكە ئەۋەتتى. چەتئەل دۆلەتلىرىدىن ئافغانىستان، ئىران، تۈركىيە، مىسىر قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ بۇ يېڭى دۆلەتنى ئېتىراپ قىلغانلىقى مەلۇم. ھىندىستان ئەنگلىيەنىڭ مۇستەملىكىسى ئاستىدا بولغاچقا، ھېچقانداق ئىپادە بىلدۈرەلمىگەن. ئوتتۇرا ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرى سوۋېت ھۆكۈمىتىگە قاراشلىق بولغاچقا ئاشكارا ھالەتتە قوللىيالمىغان، ئەمما قېرىنداشلىق يۈزىسىدىن يوشۇرۇنچە بولسىمۇ قوللىشى ئېنىق. ھېچ بولمىسا خەلقى شۇنداق.

سابىت داموللام ھاكىمىيەتنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ئۈچۈن ھەربىي جەھەتتىن كۆچىيىشىنى ئەڭ مۇھىم دەپ قاراپ، ئافغانىستان پادىشاھى باتۇر مۇھەممەد نادىر خانغا مەكتۇپ يوللىدى. مەكتۇپنىڭ ئاساسى مەزمۇنى مۇنداق ئىدى: «بىز ھازىر مائارىپ ۋە قورال ـ ياراققا موھتاجمىز. دۈشمەنگە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن بىزگە مىلتىق، زەمبىرەك ۋە ئوق ـ دورا كېرەك. ئىمكانىيەت يار بەرسە غالىب قوشۇنىڭىزنى ياردەمگە ئەۋەتسىڭىز. ئەگەر تەلىپىمىزنى راۋا كۆرمىسىڭىز، بىز سىزنىڭ يېتەكچىلىكىڭىزدىن مەھرۇم قالىمىز». بەزى مەلۇماتلارغا قارىغاندا، مۇھەممەد نادىرخان بىر قىسىم ياردەملەرنى ئەۋەتكەن. ئەمما قانداق ياردەم، قانچىلىك مىقداردا ئىكەنلىكى مەلۇم ئەمەس.

بۇ كۈنلەردە خوتەن ھۆكۈمىتى قەشقەر يېڭى شەھەردە مۇھاسىرىدە قالغان ماجەنساڭ باشلىق تۇڭگانلارنى يوقىتىش ئۈچۈن ئەمىر ئابدۇللاھنىڭ قوماندانلىقىدىكى بىرەر مىڭدەك

ئەسكەرنى يەكەندىن يېڭىسارغا يوللىدى. لېكىن ئۇنىڭغا قەشقەرگە كىرىشكە ئالدىرىماسلىقنى ۋە قەشقەردىكى بىر - بىرىگە زىت قوماندانلار بىلەن سەممىي بىر ئىتتىپاق شەكىللەندۈرگەندىن كېيىن ئاندىن كىرىشنى تاپىلىدى. شۇنىڭ بىلەن ئەمىر ئابدۇللاھ يېڭىساردا توختىدى. 12 - ئاينىڭ 17 - كۈنى سابىت داموللام يېڭىسارغا كەلدى ۋە ئەمىر ئابدۇللاھ بىلەن تولۇق ئىتتىپاقلىشىشنى ئوتتۇرىغا قويۇپ مۇزاكىرىلەشتى. نەتىجىدە يېڭى شەھەرگە شەرقىي جەنۇب تەرەپتىن ئەمىر ئابدۇللاھ، غەربىي شىمال تەرەپتىن قەشقەر ئەسكەرلىرى بىرلا ۋاقىتتا ھۇجۇم قىلىشنى قارارلاشتۇرۇپ، ھۇجۇم قىلىش ۋاقتى - سائىتىنىمۇ بەلگىلەشتى. سابىت داموللام قەشقەرگە قايتىپ كەتتى.

1934 - يىلى 1 - ئاينىڭ 5 - كۈنى، بەلگىلەنگەن ۋاقىتتا يېڭىسارلىق ئابدۇغېنى ئاخۇن دېگەن كىشىنىڭ قوماندانلىقىدا 800 كىشىلىك ئاتلىق قوشۇن يېڭى شەھەردىن 15 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى تازغۇن كەنتىگە يېتىپ كەلدى. لېكىن ئۆزبېك قوماندان يۇسۇپجان بەلگىلەنگەن ۋاقىتتا ھۇجۇم قىلىشنى قوبۇل قىلمىغانلىقتىن، شەرقىي تۈركىستان ھۆكۈمىتى ئىچىدە ئىچكى ئىختىلاپ تۇغۇلدى. ماجەنساڭ بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ، پۈتۈن كۈچى بىلەن تازغۇنغا ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلىپ، ئابدۇغېنى ئاخۇن بىلەن 500 ئەسكىرىنى تۇرۇۋاتقان مەدرىسىدە مۇھاسىرىگە ئېلىۋالدى. باشقا يەردە تۇرغان 300 ئەسكەر ئەھۋالنىڭ چاتاقلىقىنى كۆرۈپ يېڭىسارغا قاراپ

قاچتى. ئابدۇغېنى ئاخۇن باشچىلىقىدىكى يىگىتلەر ناھايىتى باتۇرلۇق بىلەن جەڭ قىلىپ 5 سائەت مۇداپىئە قىلىپ تۇرغان بولسىمۇ، ئوق - دورىلىرى تۈگەپ كېتىپ، تەسلىم بولۇشقا مەجبۇر بولدى ۋە ئۈچ يۈزگە يېقىن ئەسكىرى بىلەن ئەسىرگە چۈشۈپ قالدى.

بۇ ۋەقەدىن كېيىن، ئەمىر ئابدۇللاھ يېڭىساردىن يەكەنگە قايتۇرۇپ كېتىلدى. ئورنىغا ئەمىر نۇر ئەھمەدنى مىڭ كىشىلىك قوشۇن بىلەن يېڭىسارغا ئەۋەتتى ۋە ئۇنىڭغا قەشقەردە ئۆزبېك، قىرغىز ئەسكەرلىرىلا بولىدىكەن، ياردەم ئۈچۈن ئەسكەر ئەۋەتمەسلىكنى ئۇقتۇردى.

بۇ ئەسنادا قەشقەردە يۈز بەرگەن ھادىسىلەر ھەقىقەتەن يۈرەكنى پارە قىلاتتى. يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتۈلگىنىدەك شەرقىي تۈركىستان ھۆكۈمىتى ئەزالىرى يەرلىك ئۇيغۇرلار، ئۆزبېك مۇھاجىرلار ۋە قىرغىزلاردىن ئىبارەت ناھايىتى مۇرەككەپ كىشىلەردىن تەركىب تاپقاچقا، بۇلار دائىم شەخسى مەنپەئەتى ياكى ئۆزلىرىنىڭ لاياقەتسىزلىكى تۈپەيلى بىر - بىرى بىلەن ئىختىلاپ تۇغدۇرۇپ، بۆلۈنۈپ كۈچسىز ھالەتكە كېلىپ قالغان ئىدى. بۇ سەۋەبتىن 6000 كىشىلىك قوراللىق قوشۇنغا ئىگە بولۇپ تۇرۇپمۇ، يېڭى شەھەردە مۇھاسىرىگە ئېلىنغان 1500 تۇڭگانغا كۈچى يەتمەيۋاتاتتى. ھەتتا تۇڭگانلار كۈندىن - كۈنگە كۈچىيىپ پات - پات يېڭى شەھەر سىرتىغا چىقىپ ئەتراپتا بۇلاڭ - تالاڭ قىلىدىغان بولۇۋالدى . كونا شەھەرگىمۇ ھۇجۇم قىلىپ پاراكەندىچىلىك سېلىپ تۇردى. شەرقىي تۈركىستان

ھۆكۈمىتى ئىچىدىكى بۇ ئىچكى ئىختىلاپ ۋە قالايمىقانچىلىقلارنىڭ سەۋەبى ئېنىقلا چەتئەلدىن كەلگەن مۇھاجىرلارنىڭ ئەسلى مۇددىئالىرى بويىچە ئوينىغان ئويۇنلىرى ئىدى.

مەسىلەن، قىرغىز قوماندانلاردىن ئادى بەگ بىلەن باشقا قوماندانلار ئارىسىدا دۈشمەنلىك پەيدا قىلدى. ئادى بەگنىڭ ھاراق ئىچكەنلىكىنى باھانە قىلىپلا، ئۇنىڭغا قارشى ئۆزبېك قوماندانلاردىن يۈسۈپجان ۋە قىرغىز ئابدۇخالىقنى كۈشكۈرتۈپ ئادى بەگنى ئۆلتۈرۈۋەتتى. ۋە ئۇنىڭ 500 ئەسكىرىنىڭ قوراللىرىنى تارتىۋالدى. ئۇنىڭدىن كېيىن يۈسۈپجان بىلەن ئابدۇخالىقنىڭ ئارىسىنى بۇزۇپ، يۇقىرىقىدەك بىر پىتنە ھازىرلىدى. ئابدۇخالىق ئادى بەگكە ئوخشاش ئاقىۋەتكە دۇچار بولۇپ قېلىشتىن ئەنسىرەپ، قېچىپ يەكەنگە ـ ئەمىر ئابدۇللاھنىڭ يېنىغا كېلىۋالدى. بىراق، ھېلىقى پىتنىچىلەرنىڭ ئوت قۇيرۇقلۇق قىلىشى بىلەن سابىت داموللام ئەمىر ئابدۇللاھقا خەت يېزىپ، ئابدۇخالىقنىڭ ۋەتەن خائىنى ئىكەنلىكىنى، ئۇنى ۋە ئەسكەرلىرىنى دەرھال قورالسىزلاندۇرۇپ، قولغا ئېلىشنى تەلەپ قىلدى. ئەمىر ئابدۇللاھ سابىت داموللامنىڭ تەلىپى بويىچە ئابدۇخالىقنىڭ 300 ئەسكىرىنى قورالسىزلاندۇردى ۋە ئۆزىنى نەزەربەند ئاستىدا خوتەنگە يوللىدى.

ئەمدى نۆۋەت يۈسۈپجان بىلەن ئوراز بەگنىڭ ئارىسىنى بۇزۇشقا كەلگەن ئىدى. دەل شۇ چاغدا يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان تازغۇن پاجىئەسى يۈز بەردى. لېكىن ئوراز بەگ مۇلايىم

بولغاچقا، يۈسۈپجانغا قارىتا بىرەر يامان ھەرىكەتتە بولمىدى. ئەمما، بۇ ئىككىسى بىر - بىرىگە ئىشەنمەيدىغان، يوشۇرۇن دۈشمەنلىشىدىغان ھالەتكە كېلىپ قالدى.

مانا شۇ يامان نىيەتلىك كىشىلەرنىڭ يۇقىرىقىدەك سىرلىق پائالىيەتلىرى نەتىجىسىدە، قەشقەردىكى قورال ئېسىپ يۈرگەنلەر ۋەتەنگە خىزمەت قىلىشنىڭ ئورنىغا دائىم ئۆز - ئارا تىركىشىپ، بىر - بىرىدىن قورقۇپ خاتىرجەم يۈرەلمەي، بىر - بىرىگە قارشى قوراللىق گۇرۇھ ھالىغا كېلىپ قالغان ئىدى. بۇزۇق نىيەتلىك بۇ ئادەملەر سابىت داموللامنى ئالداپ ، «بىز شەرقىي تۈركىستانغا زىيانلىق بۇ تەرتىپ - ئىنتىزامسىز ئۆزبېك ۋە قىرغىز ئەسكەرلىرىنى قوراللىسىزلاندۇرۇپ، بۇ مىللەتنىڭ ھەقىقىي پەرزەنتلىرى بولغان قەشقەرلىك ۋە خوتەنلىكلەرنىلا (بۇ يەردە ئۇيغۇرلارنى دېمەكچى) قوراللاندۇرىمىز» دېيىشتى . لېكىن، كېيىنچە بۇلارنىڭ ئەسلى مەقسەتلىرىنىڭ ئىچكى ئىختىلاپنى كۈچەيتىپ، شەرقىي تۈركىستان ئىنقىلابىنى بوغۇپ تاشلاش ئىكەنلىكى مەلۇم بولدى.

شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيەت قۇرۇلۇشقا ئاز قالغان ۋاقىتتا سابىت داموللام ئاقسۇدىكى خوجنىياز ھاجىمنى قەشقەرگە تەكلىپ قىلىپ خەت ئەۋەتكەن ئىدى. بۇ چاغدا ھاجىم ئاقسۇدا «80 قويغا بىر مىلتىق» تېگىشىش ئۇسۇلى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن سودىلىشىۋاتاتتى ۋە مىڭدىن ئارتۇق قورالنى تاپشۇرۇپ ئېلىپ شۇلارنى بىر تەرەپ

قىلىش بىلەن مەشغۇل ئىدى. ئۇ سابىت داموللامنىڭ تەكلىپنامىسىنى كۆرۈپ كايىپ كەتتى ۋە ئۆزگە ئېلىپ قويۇلغان رەئىسلىك ئورنىنى كەسكىن رەت قىلىۋەتتى.

بۇنىڭ سەۋەبى تۆۋەندىكىدەك بولۇشى مۇمكىن:

بىرى، خوجىنىياز ھاجىم بۇ كۇنلەردە شىڭ شىسەي ۋە سوۋېت ھۆكۈمىتى بىلەن ھەمكارلاشقان ئىدى. ھاجىم ئوقۇمىغان، ساددا ۋە تۈز مىجەز ئادەم بولغاچقا ئۇنىڭ يېنىدا ئىلگىرى سوۋېت كوممۇنىستىك پارتىيەسىگە ئەزا بولغان، سوۋېت ئىتتىپاقىدىن «ياردەم» سۈپىتىدە ئەۋەتىلگەن قاسىم ئەپەندىگە ئوخشاش ئادەملەر ۋە بىر قىسىم ۋەتەن ساتقۇنى خائىنلار بار ئىدى. خوجىنىياز ھاجىم بۇلارنىڭ پۈتۈن كۈچى بىلەن تەشۋىق، تەشەببۇس قىلىشى نەتىجىسىدە پۈتۈن ئۇمىدىنى رۇسلارغا باغلىغان. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ سوۋېت ھۆكۈمىتى قەتئىي قارشى تۇرىدىغان بۇنداق بىر ھۆكۈمەتنى قوللاپ قويسا ئۇلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى بۇزۇلۇپ، ئۇلاردىن كېلىدىغان ياردەمنىڭ ئۈزۈلۈپ قېلىشىدىن ئەنسىرىگەن ئىدى. شۇڭا ئۇ «سابىت داموللا ئىشلىرىمنى بۇزمىسۇن!» دېگەن.

خوجىنىياز ھاجىمنىڭ رۇسلار بىلەن ھەمكارلاشقانلىقىنى بىلگەن خوتەن ھۆكۈمىتى ھاجىمغا، ئۇنىڭ بۇ سىياسىتىنىڭ ۋەتەن ئۈچۈن خەۋپلىك ئاقىۋەت كەلتۈرىدىغانلىقىنى ئېيتىپ خەت يازغان. ھاجىم بۇ خەتكە «بىزگە توپ، تانكا، ئايروپىلان قاتارلىق ئۇرۇش قوراللىرى كېرەك. بۇلارنى بىزگە رۇسلاردىن باشقا قوشنا دۆلەتلەر بەرمەيدۇ. رۇسلار بىزگە بۇ قوراللارنى

بېرىدىغان بولدى. بىزمۇ بۇ قورالالارنى ئېلىش ئۈچۈن رۇسلارنىڭ قويغان شەرتلىرىنى قوبۇل قىلدۇق. يۇرتنى ئۆز قولىمىزغا ئالغاندىن كېيىن بۇ شەرتلەرنى ئۆزگەرتىمىز. خاتىرجەم بولۇڭلار» دەپ جاۋاب بەرگەن. خوجىنىياز ھاجىم رۇسلارغا مۇنۇ ئىمتىيازلارنى بېرىشكە ماقۇل بولغان :

1 ـ شەرقىي تۈركىستاننىڭ پۈتۈن تاشقى سودا ـ تىجارىتى پەقەت سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەنلا بولىدۇ. ھىندىستان ۋە ئافغانىستان بىلەن بولغان تاشقى سودا توختىتىلىدۇ.

2 ـ سوۋېت ئىتتىپاقىدىن باشقا دۆلەت بىلەن سىياسىي مۇناسىۋەت ئورناتماسلىق، ھەربىي تەلىم تەربىيە ئۈچۈن كېرەكلىك ئادەملەرنى سوۋېت ئىتتىپاقىدىن چاقىرىش، باشقا ھەرقانداق چەتئەللىكنى ئىشقا سالماسلىق.

بۇلار خوجىنىياز ھاجىمنىڭ رۇسلارغا بەرگەن ئىمتىيازلىرىنىڭ بىر قىسمى ئىدى. شۇنداق قىلىپ خوجىنىياز ھاجىم ئەتراپىدىكى ئادىمى شەيتانلارنىڭ ھىيلە ـ مىكرىگە ئالدىنىپ، رۇسلارنىڭ ئازغىنە ۋەدىسىگە ئىشىنىپ قالدى ۋە ئۆزىمۇ سەزمەيلا شەرقىي تۈركىستاننىڭ پۈتۈن تەقدىرىنى رۇسلارنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇشقا ماقۇل بولدى.

خوجىنىياز ھاجىمنىڭ بۇ تەكلىپنى رەت قىلىشىدا باشقا سەۋەبلىرىمۇ بولۇشى مۇمكىن.

يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنىپ ئۆتۈلگىنىدەك، 1934 ـ يىلى يانۋارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ماجۇڭيىڭ ئۈرۈمچىگە بېسىپ كىرىپ

بىر قىسىم جايلارنى ئىگىلىۋالغان ئىدى. شېڭ شىسەي ئالاقزەدە بولۇپ سوۋېت ھۆكۈمىتىدىن ياردەم سورىدى. شۇنىڭ بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى چۆچەك ئارقىلىق شەرقىي تۈركىستانغا ئەسكەر كىرگۈزۈپ ئۇرۇشقا بىۋاسىتە ئارىلاشتى . مۇنتىزىملاشقان سوۋېت ئارمىيىسى ئۈرۈمچىگە غەربىي شىمال تەرەپتىن كەلگەن ئايروپىلان بىلەن ھاۋادىن ھۇجۇم قىلدى ۋە ماجۇڭيىڭ ئەسكەرلىرىنىڭ ئۈستىگە يامغۇردەك ئوق ياغدۇرۇپ ئۇلارنى تىرە - پىرەن قىلىۋەتتى.

ماجۇڭيىڭ ساق قالغان ئەسكەرلىرىنى باشلاپ ناھايىتى پاراكەندە ھالدا تۇرپانغا قاچتى. ئۇ ئىچكىرىگە - گەنسۇغا كېتەي دېسە گەنسۇدىكى كونا رەقىبلىرىدىن قورقاتتى، ئالتە شەھەرگە كېتەي دېسە خوجىنىياز ھاجىمدىن قورقۇپ ناھايىتى تەڭلىك ئىچىدە قالغان ئىدى. ئاخىرى ئۇ قارا شەھەر ۋە كورلىغا ھۇجۇم قىلىپ تەلىيىنى سىناپ باقماقچى بولدى ۋە 2000 غا يېقىن ئەسكەرنى قارا شەھەرگە ئەۋەتتى. تۇڭگانلار ئالدىن «ماجۇڭيىڭ پۈتۈن قوشۇنى بىلەن قارا شەھەرگە كېلىۋاتىدۇ» دېگەن خەۋەرنى تارقاتقانلىقتىن، مەھمۇد مۇھىتى ماجۇڭيىڭنىڭ «پۈتۈن كۈچىگە» تاقابىل تۇرالمايدىغانلىقىنى بىلىپ قارا شەھەر ۋە كورلىنى بوشىتىپ كۇچاغا كەلدى. شۇنىڭ بىلەن تۇڭگانلارنىڭ غەيرىتى تېخىمۇ ئېشىپ، توختىماستىن ئىلگىرىلەپ كۇچاغا ھۇجۇم قىلدى. مەھمۇد مۇھىتى كۇچادىمۇ تۇرالماي بايغا كېلىپ توختىدى. ئەمەلىيەتتە بۇ كۈنلەردە ماجۇڭيىڭ تېخىچە تۇرپاندا بولۇپ ئۆزى

مەھمۇد سىجاڭنى سىناپ باقماقچى بولۇپلا ئالتە شەھەرگە ئەسكەر يوللىغان ئىدى. كېيىن شىڭ شىسەي تۇرپانغا قوشۇن چىقاردى، ئايروپىلان بىلەن توختىماي ھۇجۇم قىلىپ ماجۇڭيىڭنى پاراكەندە قىلىشقا باشلىدى. ئۇ بۇ ھۇجۇملارغا بەرداشلىق بېرەلمەي يانۋارنىڭ ئاخىرلىرىدا قارا شەھەرگە كەلدى.

ئۇنىڭدىن باشقا ئىلىدىن قېچىپ كەلگەن، پۇتۇنلەي مىلتىق، پىلىموتلار بىلەن قوراللانغان 3000 كىشىلىك تۇڭگان قوشۇنمۇ كۇچاغا يېتىپ كەلدى. مانا بۇ سۇرەتتە تۇرپان ۋە غۇلجىدىكى تۇڭگانلار شىڭ شىسەيدىن مەغلۇپ بولۇپ، شەرقتىن ۋە شىمالدىن ئالتە شەھەرگە سەلدەك ئېقىپ كېلىشكە باشلىدى ۋە ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ھەممىسى كۇچاغا توپلاندى. ئۇلار خوجىنىياز ھاجىملارنى قىستاپ، قەدەممۇ - قەدەم ئىلگىرىلەپ جەنۇبقا سۇرۇلۇشكە باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن خوجىنىياز ھاجىم رامىزان ئېيى (1- ئاينىڭ ئاخىرى) دا ئاتۇشقا كەلدى. بۇ كەمگىچە ھاجىم شەرقىي تۇركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتىگە نىسبەتەن ياخشى پوزىتسىيەدە بولمىغانلىقى ئۇچۇن ئۇدۇللا قەشقەرگە كىرىشتىن قورقۇپ قالغان ئىدى.

**قىستۇرما:** بەزى ماتېرىياللاردا ، خوجىنىياز ھاجىمنى ئاتۇشقا كىرىشتىن بۇرۇن سابىت داموللامغا خەت يېزىپ كەچۈرۈم سورىغان، چېقىمچىلارنىڭ سۆزلىرىگە ئىشىنىپ، ئۇقۇشماسلىق سەۋەبىدىن يۇقىرىقىدەك مۇئامىلىدە بولۇپ

قالغانلىقىنى ئېيتىپ، ئەمدى ئۆتمۈشتىكى ئىشلارنى ئۇنتۇپ، يېڭىدىن سەمىمىي ئىتتىپاقلىشىشنى ئوتتۇرىغا قويغان - دېيىلگەن . ھەقىقەتەن شۇنداق كەچۈرۈم سوراپ خەت يازغان ئىش بارمۇ - بۇنى ئېنىق بىلمەيمەن. بىراق ، سابىت داموللام يۇرت كاتتىلىرى بىلەن ئاتۇشتا چىقىپ خوجىنىياز ھاجىمنى ناھايىتى قىزغىنلىق بىلەن كۈتۈۋالغان ھەمدە قەشقەرگە كىرىشكە تەكلىپ قىلغان.

خوجىنىياز ھاجىم قەشقەرگە كىرىپلا بىر ئومۇمىي ھەربىي مەجلىس تەشكىللىدى ۋە يېڭى شەھەرنى مۇھاسىرىگە ئېلىپ، تېزلىك بىلەن قولغا چۈشۈرۈپ، ماجۇڭيىڭغا قارشى مۇداپىئەگە ھازىرلىنىشنى قارار قىلدى. بۇ قارار بويىچە مەھمۇد مۇھىتى باش قوماندان بولۇپ پۈتۈن شەرقىي تۈركىستان ھۆكۈمىتى قىسىملىرى (دۆلەت ئارمىيىسى) ئۇنىڭغا قوشۇلدى ۋە دەرھال ھەرىكەتكە كېلىپ يېڭى شەھەرنى مۇھاسىرىگە ئالدى. ھاجىم خوتەن ئەسكەرلىرىنىڭمۇ بۇ مۇھاسىرىگە قوشۇلۇشىنى تەلەپ قىلغانلىقى ئۈچۈن، خوتەن ھۆكۈمىتىمۇ ئەمىر نۇر ئەھمەدنى 1200 كىشىلىك بىر قوشۇن بىلەن يېڭىسارىدىن قەشقەرگە ئەۋەتتى.

يېڭى شەھەردىكى تۇڭگانلار دەسلەپتە سېپىلدىن چىقىپ ئۇرۇش قىلدى. بىراق، ئېغىر چىقىمغا ئۇچراپ ، سېپىلغا كىرىۋېلىشقا مەجبۇر بولدى ۋە مۇداپىئە قىلىشقا ئۆتتى، ئۇرۇش 2- ئاينىڭ 4- كۈنلىرىگە كەلگەندە تۇڭگانلارنىڭ يا تەسلىم بولۇش ياكى بىر ئاماللارنى قىلىپ قېچىپ كېتىشتىن باشقا

يولى قالمىغان، ئىنتايىن ئېغىر بىر ئەھۋالدا تۇرغاندا، ئاقسۇ تەرەپتىن نۇرغۇن تۇڭگان ئەسكەرلىرىنىڭ كېلىۋاتقانلىق خەۋىرى كەلدى. ئۇلارنىڭ ئالدىنى توسۇپ زەربە بېرىش ئۈچۈن خوجىنىياز ھاجىم مەھمۇد سىجاڭنى يېڭى شەھەر مۇھاسىرىدە قالدۇرۇپ، ئۆزى ئەمىر نۇرئەھمەد بىلەن بىر قىسىم ئەسكەرلىرىنى ئېلىپ قەشقەردىن 27 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى «يامانيار» كۆۋرۈكىگە كېلىپ توختىدى. ئاقسۇدىن كەلگەن بۇ قىسىم «ماجۇڭيىڭنىڭ قوشۇنىنىڭ ئەڭ سەرخىلى، سانى 3000 غا يېتىدۇ» دېگەن خەۋەر تارقالغاچقا خوجىنىياز ھاجىم تۇڭگانلار يېتىپ كەلگەندە، ئۇلارغا تاقابىل تۇرۇشقا كۆزى يەتمەي، چېكىنمەكچى بولدى. ئەمىر نۇرئەھمەد بۇنىڭغا قاتتىق نارازىلىق بىلدۈرۈپ ھاجىمنىڭ ئالدىنى توستى. ھاجىم: «سىز تۇڭگانلارنى بىلمەيسىز، مەن بىلىمەن، ئۇلارغا تاقابىل تۇرۇش مۇمكىن ئەمەس» دېدى ۋە ئاتلىنىپ چېكىنىپ كەتتى. ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ئەسكەرلىرىنىڭ ھەممىسى كەتتى. ئەمىر نۇر ئەھمەد بىرەر سائەت تۇرۇپ مۇداپىئە قىلغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئەسكەرلىرىنىڭمۇ كۆپ قىسمى ھاجىمنىڭ ئەسكەرلىرى بىلەن بىللە كەتكەچكە، كۈچى يەتمەيدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ، چېكىنىپ قەشقەرگە قايتىپ كەلدى.

خوجىنىياز ھاجىم قەشقەرگە كىرىپلا قەشقەرنى بوشىتىپ چېكىنىپ چىقىپ كېتىشكە بۇيرۇق قىلدى ۋە ئۆزى باشلامچى بولۇپ ھەممىنىڭ ئالدىدا تاشمىلىق دېگەن يەرگە چىقىپ كەتتى. ئارقىدىن مەھمۇد سىجاڭ، سابىت داموللاملار

ئەسكەرلەرنى ئېلىپ چىقىپ كەتتى. قىرغىز ۋە ئۆزبېكلەرمۇ شەھەرنى تاشلاپ تاغ تەرەپكە چىقىپ كەتتى. ئاخىردا ئەمىر نۇر ئەھمەدمۇ يېڭىسارغا قايتىپ كەتتى. قەشقەر شەھىرى شەرقىي تۈركىستان ھۆكۈمىتى ۋە ئارمىيىسىدىن پۈتۈنلەي بوشالدى. شۇنىڭ بىلەن 2-ئاينىڭ 7-كۈنى تۇڭگانلار شەھەرنى ئىشغال قىلدى. ئۇلار شەھەرگە كىرگەندىن كېيىن ئۇلارنىڭ سانىنىڭ 3000 تارقىلىپ يۈرگەن مىش - مىش خەۋەرلەردىكىدەك بولماستىن، پەقەت ماجۇڭيىڭ خوجىنىياز ھاجىمنىڭ كۈچىنى سىناپ بېقىش ئۈچۈن ئەۋەتكەن مافۇيەننىڭ قول ئاستىدىكى مىڭغا يەتمەيدىغان كىچىك بىر قىسىم ئىكەنلىكى مەلۇم بولدى. قەشقەرگە يېقىن بىر تاغنىڭ ئېتىكىدە توختىغان ئۆزبېك ئەسكەرلىرى بۇنى ئاڭلاپ 2-ئاينىڭ 10-كۈنى سەھەردە قەشقەر شەھىرىگە ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلىپ، مافۇيەننىڭ ئەسكەرلىرىنى مەغلۇپ قىلىپ شەھەرنىڭ ھەممىسىنى دېگۈدەك تارتىۋالدى. بىراق، تولىمۇ ئەپسۇسكى، خۇددى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ «ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، سىلەرنىڭ كەمبەغەل بولۇپ قېلىشىڭلاردىن ئەنسىرمەيمەن. لېكىن، سىلەرگە دۇنيانىڭ بايلىقلىرى ئىلگىرىكى كىشىلەرگە ئېچىلغاندەك ئېچىلىپ كېتىپ، خۇددى ئۇلار مال - دۇنيا تېپىشتا بەسلەشكەندەك بەسلىشىپ كېتىشىڭلاردىن، شۇ سەۋەبلىك ، مال - دۇنيانىڭ ئىلگىرىكىلەرنى ھالاك قىلغاندەك سىلەرنىمۇ ھالاك قىلىۋېتىشىدىن ئەنسىرەيمەن» دېگەن ھەدىسىدىكىدەك ئىش يۈز بەردى. ئۆزبېكلەر غەلىبىدىن مەغرۇرلىنىپ كېتىپ، بېخىرامان ھالدا ئولجا توپلاشقا

كىرىشىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن مافۇيەن يېڭى شەھەردىكى تۇڭگانلارنى باشلاپ كېلىپ ئۆزبېكلەرنىڭ ئۇستىگە تۇيۇقسىز باستۇرۇپ كەلدى ۋە غەپلەتتە تۇرغان ئۆزبېك ئەسكەرلىرىنى قىر ـ چاپ قىلىپ ئېغىر مەغلۇبىيەتكە دۇچار قىلدى. ئۆزبېكلەرنىڭ تولىسى پاراكەندە بولۇپ قاچتى. تار بىر يەردە قاپسىلىپ قورشاۋدا قالغان 120 كىشى 4 سائەت دۇشمەن بىلەن ئېلىشقان بولسىمۇ، ئاخىرى ئوقلىرى تۈگەپ تەسلىم بولۇشقا مەجبۇر بولدى. تۇڭگانلار تەسلىم بولغان بۇ 120 كىشىنى پاجىئەلىك شەكىلدە شېھىت قىلىۋەتتى. مافۇيەن «قەشقەر خەلقى ئۆزبېكلەرنى قارشى ئالدى» دېگەن باھانە بىلەن شەھەر ئىچىدە دەھشەتلىك قىرغىن قىلدى. 24 سائەت داۋام قىلغان بۇ قەتلىئامدا 4000 دىن كۆپرەك بىگۇناھ خەلق شېھىت بولدى. ئىنسان قېلىپىدىن چىققان بۇ تۇڭگانلار شەھەردىكى مەدرىسە، دۇكان ـ ساراي ۋە ئۆيلەرنى بۇلاپ ـ تالاپ، ئوت قويۇپ ۋەيران قىلىۋەتتى.

(بۇ ئېچىنىشلىق ۋەقەلەرنىڭ مەيدانغا كېلىش سەۋەبى ھەققىدە قېرىنداشلار ئادىل مەيداندا تۇرۇپ، ياخشىراق مۇلاھىزە قىلىپ باققاي. چۈنكى بۇ كېيىنكىلەر ئۇچۇن ئاچچىق بىر ساۋاقتۇر).

بۇ ۋەقەلەردىن كېيىن، خوجىنىياز ھاجىم، سابىت داموللام، مەھمۇد سىجاڭ، يۇسۇپجان باشلىق كاتتىلار ۋە قوماندانلار ئەسكەرلىرىنى ئېلىپ 2 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى يېڭىسارغا توپلاندى. ئۇلار يېڭىساردا تۇرۇپ، قوشۇنلارنى تەرتىپكە سېلىپ،

قەشقەرگە ھۇجۇم قىلىشقا قارار قىلىشنى تەلەپ قىلىدى. لېكىن خوجىنىياز ھاجىم بۇنىڭغا قوشۇلمىدى ۋە ئەسكەرلىرىنى ئېلىپ يەكەنگە قاراپ ماڭدى. سابىت داموللام، ئەمىر نۇر ئەھمەد ۋە يۇسۇپجانلار يېڭىساردا قالدى. كېيىن يۇسۇپجاننىڭ يۈز ئۆرىمەكچى ئىكەنلىكى سېزىلىپ قالدى. سابىت داموللام ئەمىر نۇر ئەھمەدكە يۇسۇپجاننى دەرھال تۇتۇپ، ئەسكەرلىرىنى قورالسىزلاندۇرۇشقا بۇيرۇق قىلدى. ئەمما بۇ ئەمەلگە ئاشمىدى. يۇسۇپجان قارشىلىق قىلىپ، ئىككى ئارىدا بىر ئاز توقۇنۇش كېلىپ چىقتى. ئاخىرى يۇسۇپجان مەغلۇپ بولۇپ تاغقا قېچىپ كەتتى. كېيىن سابىت داموللامۇ يەكەنگە قاراپ يولغا چىقتى. ئەمىر نۇر ئەھمەد 2000 ئەسكىرى بىلەن قەشقەردىن كېلىدىغان تۇڭگانلارنىڭ ئالدىنى توسۇش ئۈچۈن يېڭىساردا قالدى.

خوجىنىياز ھاجىم 2-ئاينىڭ 16-كۈنى يەكەنگە كەلدى. خوتەن ھۆكۈمىتى ھاجىمنىڭ بەزى لاياقەتسىزلىكىنى كۆرۈپ، «ئۇنى يېقىتماي تۇرۇپ، مىللىي ئىنقىلابنىڭ بېشى ئوڭشالمىغۇدەك» دەپ ئويلاپ قالدى ۋە بۇ قېتىم قانداقلا قىلىپ بولمىسۇن ئۇنى يەكەندىن چىقارماي ئەسكەرلىرىنى قورالسىزلاندۇرۇشقا ۋە بۇ قوراللار بىلەن خوتەن ئەسكەرلىرىنى قوراللاندۇرۇپ، (چۈنكى ھاجىمنىڭ ئەسكەرلىرىنىڭ قولىدىكى قوراللار سوۋېت ئىتتىپاقىدىن سېتىۋالغان سەرخىل قوراللار ئىدى) دۈشمەنگە قارشى ھەقىقىي تاقابىل تۇرۇش كۈچى ھازىرلىماقچى بولدى. بۇ ئىشنى قان تۆكمەستىن ھەل قىلىش ۋەزىپىسى ئەمىر ئابدۇللاھقا تاپشۇرۇلدى. لېكىن، سابىت

داموللام ۋە باشقا بىر قىسىم كىشىلەر، بۇ ئىشتىن كۇتكەندەك ياخشى نەتىجە چىقماي قالارمىكىن دېگەن ئەندىشىنى ئوتتۇرىغا قويدى. دەل شۇ چاغدا خوجىنىياز ھاجىم بۇ ئىشتىن خەۋەردار بولۇپ قالدى ۋە دەرھال ئەمىر ئابدۇللاھنى خورسەن قىلىش نىيىتى بىلەن، 1933 ـ يىلى 8 ـ ئايدا خوتەن ئەسكەرلىرىنىڭ قوراللىرىنى تارتىۋېلىپ، خوتەنگە ھۇجۇم قىلغان ھاپىز تەنجاڭنىڭ قوراللىرىنى ئېلىپ ئەمىر ئابدۇللاھقا بەردى. رۇسلاردىن (ئىككىنچى قېتىم) ئالماقچى بولغان قوراللار بىلەن خوتەن ئەسكەرلىرىنى قوراللاندۇرۇشقا ۋەدە بەردى. بۇنداق بىر ئەھۋالدا خوجىنىياز ھاجىمنى قورالسىزلاندۇرۇشنىڭ ئىچكى ئۇرۇشقا سەۋەب بولىدىغانلىقىنى ھېس قىلغان خوتەن ھۆكۈمىتى ئەزالىرى ھاجىمنىڭ بۇ «ۋەدە» سىنى قوبۇل قىلدى.

2 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى خوجىنىياز ھاجىم ئۆز ئەسكەرلىرى ۋە بىر قىسىم خوتەن ئەسكەرلىرىدىن تەركىب تاپقان بىرەر مىڭ كىشىلىك قوشۇننى باشلاپ، يەكەندىن يولغا چىقىپ ئەركەشتامغا قاراپ ماڭدى. يولدا تۇڭگانلار ھاجىمنى تۇتۇش ئۈچۈن ھەرخىل ھەربىي ھەرىكەتلەرنى ئېلىپ بارغان بولسىمۇ، ھاجىم بەزىدە ئۇرۇشۇپ، بەزىدە چېكىنىپ يۈرۈپ ئەركەشتامغا يېتىپ بېرىۋالدى. تۇڭگانلار مەقسەتلىرىگە يېتەلمىدى. خوجىنىياز ھاجىم ئەركاشتامغا يېتىپ كەلگەندىن كېيىن بىللە ئېلىپ كەلگەن خوتەن ئەسكەرلىرىنى قايتۇرۇۋەتتى ۋە ئۇ

يەردە سوۋېت ھۆكۈمىتىدىن ياردەم سوراپ يازغان خېتىنىڭ جاۋابىنى كۈتۈپ بىر مەزگىل تۇرۇپ قالدى.

1934 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ بېشىدا قارا شەھەردىكى ماجۇڭيىڭ شىۋىشىسەي ئەۋەتكەن رۇس گېنېرالى بېكتېف قوماندانلىقىدىكى رۇس ، تاتار، قازاق ۋە خىتايلاردىن تەركىب تاپقان، زامانىۋىلاشقان 3500 كىشىلىك مۇنتىزىم قوشۇننىڭ ئايروپىلان ۋە باشقا ئېغىر تىپتىكى زامانىۋى قوراللار بىلەن قىلغان ھۇجۇمىغا ئۇچرىدى. 4 دانە رۇس ئايروپىلانى ئۇچۇپ كېلىپ قارا شەھەرنى ھاۋادىن بومباردىمان قىلدى. زەھەرلىك گاز بومبىلىرىنىمۇ تاشلىغانلىقتىن نۇرغۇنلىغان بىگۇناھ خەلق زەھەرلىنىپ ئۆلۈپ كەتتى. بۇ ھۇجۇملارغا بەرداشلىق بېرەلمىگەن ماجۇڭيىڭ، ئەسكەرلىرىنى باشلاپ ناھايىتى پاراكەندە ھالدا كۇچاغا قاراپ قاچتى.

ماجۇڭيىڭ قېچىپ كۇچاغا كەلگەندىن كېيىن قاتتىق تەشۋىش ئىچىدە قالدى. چۈنكى داۋاملىق جەنۇبقا ئىلگىرىلەي دېسە قەشقەردىكى خوجىنىياز ھاجىم قوماندانلىقىدىكى شەرقىي تۈركىستان ئىنقىلابچىلىرىدىن قورقاتتى. كەينىدىن بولسا سوۋېت ئارمىيىسى ئىز بېسىپ قوغلاۋاتاتتى. ئاخىرى ئۇ يەنە بىر قېتىم تەلەي سىناپ باقماقچى بولدى ۋە مافۇيەننى 800 كىشىلىك قوشۇن بىلەن قەشقەرگە ئەۋەتتى. مەقسىتى، ئەگەر مافۇيەن قەشقەردىكى شەرقىي تۈركىستان ھۆكۈمىتى ئەسكەرلىرى تەرىپىدىن يېڭىلىپ قالسا چاقىلىق يولى ئارقىلىق گەنسۇغا كېتىش، ئەگەر مافۇيەن غەلىبە قىلىپ قالسا

قەشقەرگە بېرىش ئىدى. تولىمۇ ئەپسۇس، يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتۈلگىنىدەك، خوجىنىياز ھاجىم «يامانيار» كۆۋرۈكىدە تۇڭگانلار بىلەن ئۇرۇش قىلمايلا چېكىنىپ كەتتى ۋە قەشقەرگە قايتىپ كېلىپلا شەھەرنى بوشىتىپ چىقىپ كېتىشكە بۇيرۇق بەردى. شۇنىڭ بىلەن ماجۇڭيىڭ گەنسۇغا كېتىشتىن ۋاز كېچىپ قەشقەرگە قاراپ يول ئالدى. ئۇ كۇچادىكى ئىلى تەرەپتىن قېچىپ كەلگەن 3000 دەك قوراللىق تۇڭگانىنىمۇ بىرلىشىپ قەشقەرگە بېرىشقا قايىل قىلدى.

شۇنداق قىلىپ، ماجۇڭيىڭ شىڭ شىسەي ئەسكەرلىرىدىن قېچىپ يۈرۈپ 3 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى قەشقەرگە كەلدى. نەتىجىدە پۈتۈن تۇڭگانلار ئىلگىرى كېيىن بولۇپ قەشقەرگە يىغىلدى.

1934 ـ يىلى مارتنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ ماجۇڭيىڭ يېڭىسارنى تالاشقىلى باشلىدى. يېڭىسار ھىندىستان ۋە ئافغانىستانغا بارىدىغان يول ئۈستىدىكى مۇھىم ئىستىراتېگىيەلىك ئورۇن بولغاچقا، خوتەن ھۆكۈمىتى يېڭىسارنى قوغداپ قالماقچى بولدى ۋە ياردەمچى قىسىم يوللىدى. 3 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى ماجۇڭيىڭ يېڭىسارغا ھۇجۇم باشلىدى. ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا قاتتىق ئۇرۇش بولدى. تۇڭگانلار سان ۋە قورال جەھەتتە خوتەن ئەسكەرلىرىدىن كۆپ ئۈستۈن بولغاچقا، ئەمىر نۇر ئەھمەد يېڭىسار سېپىلى ئىچىدە مۇھاسىرىدە قالدى. ئۇلار تۇڭگانلارنىڭ كېچە ـ كۈندۈز قىلغان قاتتىق ھۇجۇملىرىغا بەرداشلىق بېرىپ شەھەرنى مۇداپىئە

قىلدى. تۇڭگانلار ھەرخىل يوللار بىلەن، خىلمۇ ـ خىل جەڭ تاكتىكىلىرىنى ۋە ھىيلە ـ نەيرەڭلەرنى قوللىنىپ باققان بولسىمۇ ئەمىر نۇر ئەھمەد ۋە ئۇنىڭ باتۇر يىگىتلىرىنىڭ قاتتىق قارشى تۇرۇشى بىلەن سېپىلغا كىرىشكە مۇۋەپپەق بولالمىدى. ئەكسىچە ئېغىر چىقىمغا ئۇچراپ كەتتى. كېيىن تۇڭگانلار يېقىنىدىن ھۇجۇم قىلىشنىڭ ئۇنۇم بەرمەيۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، يىراقتىن توپ ـ زەمبىرەك ۋە ئېغىر تىپتىكى پىلىموتلار بىلەن سېپىلنى ئوققا تۇتۇشقا باشلىدى. ئەمىر نۇر ئەھمەد ناھايىتى قېيىن ئەھۋالدا قالدى. دەل شۇ پەيتتە، يەنى 4 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى ئەمىر ئابدۇللاھ، سابىت داموللام ۋە مەھمۇد سىجاڭلار يەكەندىن قوشۇن باشلاپ يېتىپ كەلدى ۋە شىددەتلىك ھۇجۇملار بىلەن ئۆزلىرىدىن ھەر جەھەتتە خېلىلا ئۈستۈن بولغان تۇڭگانلارنىڭ سەپلىرىنى قالايمىقان قىلىۋەتتى ۋە ئۇلارنى ئارقىغا چېكىندۈردى. لېكىن، كەچقۇرۇن تۇڭگانلار قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتۈپ ئوڭ تەرەپتىكى قىسىملارنى قورشاۋغا ئېلىۋالدى. ئىنقىلابچىلارنىڭ سەپلىرى قالايمىقانلىشىپ كەتتى. ئەمىر ئابدۇللاھ قوشۇننى تەرتىپكە سېلىش ئۈچۈن ئات سېلىپ كېتىپ بارغاندا ئېتىغا ئوق تېگىپ يېقىلدى. ئۇنىڭ ئاتتىن يېقىلغان يېرى جەڭ مەيدانىنىڭ ئەڭ خەتەرلىك نۇقتىسى بولغاچقا، ئۇنىڭ ئەتراپىغا تۇڭگانلار يىغىپلا كەتتى. ئۇنىڭ يېنىدىكى ھەمراھلىرىنىڭ تولىسى شېھىت بولۇپ كەتتى، قالغانلىرى پاتىپاراق بولۇپ چېچىلىپ كەتتى. بىر نەچچە تۇڭگان ئەسكىرى يۈپۈرلۈپ كېلىپ ئېغىر يارىلانغان ئەمىر ئابدۇللاھنى ئارىلىرىغا ئېلىۋالدى ۋە بېشىنى

كىسىۋالدى. نەتىجىدە، يەكەندىن كەلگەن ئەسكەرلەر ئىغىر هالدا مۇسىبەتكە ئۇچراپ ، چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى ۋە يەكەنگە قاراپ ماڭدى. ئۇلار توختىماستىن يۈرۈپ قىزىل (يېڭىسار بىلەن يەكەن ئوتتۇرسىدىكى سايلىق) غا كەلگەندە سابىت داموللام ئۇلارنى توختىتىۋالدى ۋە پۈتۈن خوتەن قىسىملىرى بىلەن مەھمۇد سىجاڭنىڭ ئەسكەرلىرىنى توپلاپ، يېڭىسارغا يەنە بىر قېتىم ئومۇمىيۈزلۈك هۇجۇم قىلىپ تۇڭگانلارنى چېكىندۈرۈش، هېچ بولمىسا يېڭىسار شەهرىگە قاپسىلىپ قالغان نۇر ئەمىر نۇر ئەهمەدنى قۇتۇلدۇرۇشنى تەلەپ قىلدى. شۇنىڭ بىلەن مەھمۇد سىجاڭ بۇ بىرلەشمە قوشۇننىڭ قوماندانلىقىنى قولىغا ئالدى ۋە ئارقىسىغا ياندى.

ئۇلار 4-ئاينىڭ 7-كۈنى يېڭىسارغا هۇجۇم قىلدى ۋە تۇڭگانلارنى قورشاپ ئېلىشقا مۇۋەپپەق بولدى. ئۇلار مۇهاسىرىنى راسا كۈچەيتىپ تۇڭگانلارنى پاسسىپ هالغا چۈشۈرۈپ قويۇۋاتاتتى. دەل شۇ پەيتتە، مەھمۇد سىجاڭنىڭ قوماندانلىرىدىن هاپىز تەنجاڭ هېچبىر سەۋەبسىزلا مۇهاسىرىنىڭ بىر تەرىپىنى تاشلاپ ئەسكەرلىرىنى ئېلىپ چىقىپ كەتتى.

**قىستۇرما:** هاپىز تەنجاڭ ئەينى ۋاقىتتا ئوسمان ئەلى قەشقەر يېڭى شەهەرنى مۇهاسىرىگە ئېلىۋالغان ۋاقىتتىمۇ نامەرتلىك قىلىپ، مۇهاسىرىنىڭ بىر تەرىپىنى تاشلاپ، كۈچادا تۇرۇۋاتقان مەھمۇد سىجاڭ تەرەپكە ئۆتۈپ كەتكەن ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن مەھمۇد سىجاڭمۇ بۇنداق ۋاپاسىز ئادەمنى ئۆزىگە

يېقىن تۇتماسلىقى، ھېچ بولمىسا مۇھىم ئورۇنلارغا قويماسلىقى كېرەك ئىدى.

تۇڭگانلار ھاپىز تەنجاڭ تاشلاپ كەتكەن تەرەپكە قاراپ شىددەتلىك بىر ھۇجۇم بىلەن سەپنى بۆسۈپ چىقىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن مەھمۇد سىجاڭنىڭ ئەسكەلىرى ئالاقزەدە بولۇپ كەتتى ۋە قوشۇن ئىچىدە قالايمىقانچىلىق يۈز بەردى. تۇڭگانلار مۇھاسىرىنى بۆسۈپ چىققاندىن كېيىن ئۇلارغا قارىتىپ توپ ۋە پىلىموتلار بىلەن ئوق ياغدۇرۇشقا باشلىدى. نەتىجىدە ئەسكەرلەر مەغلۇپ بولۇپ چېكىنىشكە باشلىدى. پۈتۈن قوشۇن ناھايىتى تەرتىپسىز ھالەتتە چېكىنىپ يەنە بىر قېتىم قىزىلغا توپلاندى. مەھمۇد سىجاڭ قىزىلدا توختاشنى مۇۋاپىق كۆرمەي، كۆك رۇباتقا كەتتى. خوتەن ئەسكەرلىرىمۇ مەھمۇد سىجاڭنىڭ ئارقىسىدىن يۈرۈپ كەتتى.

شۇنىڭ بىلەن ئەمىر نۇر ئەھمەد ھەمراھلىرى بىلەن يېڭىسار شەھىرىدە ياردەمسىز قالدى. تۇڭگانلار پۈتۈن كۈچىنى توپلاپ، شەھەرنى تۆت ئەتراپتىن مۇھاسىرگە ئېلىۋالدى ۋە كېچە - كۈندۈز ئۈزۈلدۈرمەي توپ - پىلىموت بىلەن ئوققا تۇتۇپ، ئارقا - ئارقىدىن ھۇجۇم قىلدى. لېكىن ئەمىر نۇر ئەھمەد ئەسكەرلىرى بىلەن ھەر جەھەتتە ئۆزلىرىدىن نەچچە ھەسسە كۈچلۈك بولغان تۇڭگانلارغا مىسلىسىز قەھرىمانلىق بىلەن قارشى تۇرۇپ، دۈشمەننىڭ ھۇجۇملىرىنى ياندۇردى. بۇ ۋەزىيەت 16 ـ ئاپرېلغىچە داۋام قىلدى.

شەھەرنى پەقەتلا ئالالمىغان تۇڭگانلار ئاخىرى سېپىلنىڭ بىر تەرىپىنى كولاپ پارتلاتقۇچ كۆمۈپ پارتلىتىپ بىر قىسمىنى يىقىتتى. سېپىلنىڭ يىقىلغان بۇ تۆشۈكىدىن كىرگەنلىكى تۇڭگان ئىنقىلابچىلار تەرىپىدىن جېنىدىن جۇدا قىلىندى ياكى ئەسىرگە ئېلىندى. بۇ ھالەتتە، ئۇرۇش يەنە 4 كېچە ـ كۈندۈز داۋام قىلىپ 4 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنىگە كەلگەندە، تۇڭگانلار ھۇجۇمنى توختاتتى ۋە ئوتتۇردا ئېغىر جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈردى. خوتەن ئەسكەرلىرى بۇ جىمجىتلىقنى ئۇرۇش توختىدى دەپ چۈشىنىپ قالدى. ئۇلار كېچە ـ كۈندۈز ئۇرۇش قىلىپ ھالىدىن كەتكەچكە بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئۇلارغا بىر ئاز ئىستىراھەت قىلىشقا رۇخسەت بېرىلدى . بۇ ئۇلار ئۇچۇن بىر غەپلەت ئۇيقۇسى بولغان ئىدى. تۇڭگانلا سەھەردە ھېلىقى يىقىلغان يەردىن تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ سېپىل ئۇستىدىكى ئاز بىر قىسىم مۇھاپىزەتچىلەرنى شېھىت قىلدى ۋە شەھەرگە باستۇرۇپ كىردى. ئارام ئېلىۋاتقان ئەسكەرلەر، سەپلىرىنى تۈزۈپ يېتىپ كەلگىچە بىر نەچچە مىڭ تۇڭگان سېپىل ئىچىگە كىرىپ ئۇلگۇرگەن ئىدى. شۇنىڭ بىلەن سېپىل ئۇستى ۋە شەھەر كوچىلىرىدا قۇچاقلاشما جەڭ باشلىنىپ كەتتى. 4 سائەتكە سوزۇلغان بۇ ئۇرۇشتا مىڭغا يېقىن خوتەن ئەسكىرى شېھىت بولدى. 400 گە يېقىنى ئەسىرگە چۈشتى. ئۇرۇش جەريانىدا سېپىل ئۇستىدە تۇرۇپ بىر تەرەپتىن ئۇرۇشقا قوماندانلىق قىلغاچ يەنە بىر تەرەپتىن دۈشمەن بىلەن باتۇرلارچە ئېلىشىۋاتقان قەھرىمان يىگىت، شاھ مەنسۇر ـ ئەمىر نۇر ئەھمەدمۇ تۇڭگانلار تەرىپىدىن شېھىت قىلىندى. خوتەن

ئەسكەرلىرىدىن ساق قالغان 1500 گە يېقىن ئەسكەر قىچىپ يەكەنگە كېلىۋالدى. شۇنىڭ بىلەن 1934 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى يېڭىسار تۇڭگانلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتتى.

ئىمىن ۋاھىدى ئۆزىنىڭ 1938 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى يازغان «ئىنقىلاب خاتىرىسى» دېگەن ئەسلىمىسىنىڭ «يېڭىسار ئۇرۇشى» بۆلۈمىدە مۇنداق دەپ يازىدۇ: «ماجۇڭيىڭ پۈتۈن كۈچى بىلەن يېڭىسارغا ھۇجۇم قىلدى. ئەمىر نۇر ئەھمەدنىڭ قوشۇنىدا ياخشى قوراللار يوقتى. شۇنداق بولسىمۇ ئۇلار يىگىرمە كۈندەك يېڭىسارنى يىگىتلەرچە مۇداپىئە قىلىپ، تۇڭگانلارنى ئېغىر زىيانغا ئۇچراتتى. بۇ جەرياندا تۇڭگانلار تەرىپىدىن ئەسكەرلىككە مەجبۇرى تۇتۇۋېلىنغان ئۇيغۇر ياشلىرى مىلتىقلىرىنى ۋە ئوق ـ دورىلىرىنى ئەمىر نۇر ئەھمەدنىڭ ئەسكەرلىرىگە سېپىلدىن سۇنۇپ بېرىپ، ئۆزلىرى تۇڭگانلارنىڭ قولىدا شېھىت بولدى».

شەرقىي تۈركىستاننىڭ ۋەتەنپەرۋەر، قەھرىمان ئىككى ئوغلانى، مۇھەممەد ئىمىن بۇغرانىڭ ئىككى ئىنىسى ئەمىر ساھىپ ـ ئەمىر ئابدۇللاھ ۋە شاھ مەنسۇر ـ ئەمىر نۇر ئەھمەد يېڭىسار ئۇرۇشىدا شېھىت بولدى. ئۇلار شېھىت بولغاندا ئەمىر ئابدۇللاھ 25 ياش، ئەمىر نۇرئەھمەد بولسا ئەمدىلا 23 ياشقا كىرگەن نەۋقىران يىگىتلەر ئىدى. ئۇلار ئىنقىلاب باشلانغاندىن تارتىپ تاكى ئاخىرقى نەپەسلىرىگىچە ئىنقىلابقا سادىق بولدى. ئاكىسى مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا ۋە خوتەن ھۆكۈمىتىنىڭ بۇيرۇقىدىن چىقماي، جەڭلەردە ئەمىرلىك ۋەزىپىسى بىرلىسە

«مەن تېخـــــى كىچىـــــك، مەن قىلالمــــــايمەن» دېمەســــــتىن ۋەزىپىســــــنى قوبــۇل قىلــدى ۋە ئــاخىرقى نەپىســـىگىچە كــۈرەش قىلىپ شاھادەت شەربىتىنى ئىچتى.

مــــۇھەممەد ئىمىـــــن بـــۇغرا 4-ئاينىـــڭ 23-كـــۈنى پوســـكامغا كەلــدى. ئـــۇ يېڭىســـاردا يـــۈز بەرگەن پـــاجىئەنى ئـــاڭلاپ قـــاتتىق قـــايغۇردى. ئـــۇ بـــۇ خەۋەرنـــى ئـــاڭلاپ بىـــرەر ســـائەتتىن كېـــيىن يەكەنـــدىن يەنە بىـــر خەۋەر كەلـــدى: خوجىنىيـــاز هـــاجىم مـــۇھەممەد ئىمىـــن بۇغرانىـــڭ ئىككـــى ئىنىســـىنىڭ «غايىـــب» بولغـــانلىقىنى بىلگەنـــدىن كېـــيىن يەكەنـــدىكى خـــوتەن ھۆكـــۈمىتى مەركىزىنـــى ۋە خەزىنىنـــــى ئـــۆز تەســـەررۇپىغا كىرگۈزۈۋالغـــان. بـــۇرۇن خـــوتەن ھۆكـــۈمىتى ئەۋەتـــكەن 1000 ســـەر ئـــالتۇننىمۇ ئامـــانەت قويۇلغـــان كىشىدىن ئېلىۋالغان.

**قىســــتۇرما**: بـــۇ گەپـــلەر مــــۇھەممەد ئىمىـــــن بۇغرانىـــــڭ ئەسلىمىســــــدە خـــاتىرىلەنگەن بولـــۇپ، مېـــنىڭچە، خوجىنىيــــاز هـــاجىم ئۇنچـــۋالا نامەردلىـــك قىلىـــدىغان ئـــادەم ئەمەس. ئەممـــا، هاجىمنىـــــڭ يەكەننـــــى ئىگەللىۋالغـــانلىقى راســـــت. چـــۈنكى، خوجىنىيـــاز هـــاجىم ئەركەشـــتامدا ســـوۋېت ھۆكـــۈمىتى بىـــلەن كېلىشـــىم تـــۈزگەن. ســـوۋېت ھۆكـــۈمىتى ئۇنىـــڭ ســـابىت دامـــوللام بىـــــلەن «بىرلەشــــكەنلىكى، شــــەرقىي تۈركىســــتان ئىســــلام جۇمھـــۇرىيەتنى قوللىغـــانلىقى»نـــى ئەيىـــبلىگەن ۋە ئەســـلىدىكى شـــېڭ شىســـەي بىـــلەن پۈتۈشـــكەن «جىمىســـار پۈتـــۈمى»نىـــڭ روھـــى بـــويىچە خوجىنىيـــاز هـــاجىم مۇئـــاۋىن ئـــۆلكە رەئىســـى بولىـــدىغان، مەھمـــۇد مـــۇھىتى قەشـــقەردە شـــېڭ شىســـەي ھۆكـــۈمىتىگە تەۋە 6-

دېۋىزىيەنىڭ قوماندانى بولىدىغان ھەمدە سابىت داموللام باشلىق شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنىڭ مەمۇرى ۋە ھەربىي ئەمەلدارلىرىنى قولغا ئېلىپ ئاقسۇدا شىڭ شىسەي ھۆكۈمىتىگە تاپشۇرۇپ بېرىدىغان ، ئاندىن سوۋېت ئىتتىپاقى خوجىنىياز ھاجىمغا قورال - ياراق جەھەتتە ياردەم بېرىدىغان بولۇپ كېلىشكەن ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ھاجىم ئەركەشتامدىن ھېچقانداق بىر ۋىجدانلىق ئۇيغۇر خالىمىغان، بەلكى بىر چۈش بولۇپ قېلىشىنى ئارزۇ قىلغان بىر مەقسەتتە قايتىپ يەكەنگە كەلگەن ئىدى.

يەكەندە يۈز بەرگەن ئىشلارنى ئاڭلىغان مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا ئالدىدا تۇرغان شۇ ئىككى يولنىڭ بىرنى تاللاشقا دۇچ كەلدى. بىرى: دەرھال يەكەنگە بېرىپ، خوجىنىياز ھاجىم ۋە مەھمۇد مۇھىتلار بىلەن بىرلىشىپ يېڭىباشتىن قوشۇننى تەرتىپكە سېلىش ۋە تۇڭگانلارغا قايتۇرما ھۇجۇم قىلىشقا جىددىي تەييارلىق قىلىش. يەنە بىرى: خوجىنىياز ھاجىم بىلەن بىرلىشىش مۇمكىن بولمىغان تەقدىردە، سابىت داموللام ۋە باشقا قوماندانلار بىلەن مەسلىھەتلىشىپ ، خوتەن ئەسكەرلىرىنى تەرتىپ - ئىنتىزام بىلەن خوتەنگە قايتۇرۇپ كېتىش.

مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا مەيلى قايسى يولنى تاللىسۇن چوقۇم يەكەنگە بېرىشى كېرەك ئىدى. شۇڭا ئۇ يولغا چىقىشتىن بۇرۇن خوجىنىياز ھاجىمغا بىر پارچە خەت يېزىپ، ئۆزىنىڭ يەكەنگە كىرىدىغانلىقىنى مەلۇم قىلدى. خوجىنىياز

ھاجىم مۇھەممەد ئىمىن بۇغرانى يەكەنگە ئىنتىقام ئېلىش ئۈچۈن كېلىدۇ دەپ ئويلاپ تەشۋىشلىنىپ قالدى ۋە مۇھەممەد ئىمىن بۇغراغا ھازىرچە يەكەنگە كىرمەي ئۇدۇل كۆك رۇباتقا بېرىپ، ئۇ يەردىكى قوشۇننىڭ قوماندانلىقىنى قولغا ئېلىش تەكلىپىنى قويۇپ خەت يازدى. لېكىن، مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا بۇ تەكلىپنى قوبۇل قىلمىدى ۋە «ئالدى بىلەن يەكەنگە بېرىپ، سىلى بىلەن قىلىشىدىغان ئاساسلىق بىر مۇزاكىرە نەتىجىسىدە، بۇندىن كېيىن قىلىشىدىغان ئىشلىرىمىزنى تەيىن قىلىشىمىز لازىم» دېگەن مەزمۇندا خەت ئەۋەتتى ۋە ئەتىسى 4-ئاينىڭ 24-كۈنى ئەتىگەندە يەكەنگە قاراپ يولغا چىقتى.

يولدا خوجىنىياز ھاجىم يەكەندىن پوسكامغا ماڭدۇرغان، لىق يۈك ئارتىلغان يۈز تۆگىلىك بىر كارۋان ئۇچرىدى. مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا قوماندان ۋە ئەسكەرلىرىنىڭ بىر ئىش چىقىرىپ قويۇشىدىن ئەنسىرەپ، كارۋانغا چېقىلماستىن تىنچ ئۆتۈپ كېتىشكە بۇيرۇق قىلدى. ئۇلار يېرىم يولغا كەلگەندە خوجىنىياز ھاجىم 200 دەك ئەسكىرى بىلەن ئۇچراپ قالدى. مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا ئىككىسى بىر يەردە ئولتۇرۇپ يېرىم سائەتچە سۆزلەشتى. بىراق، سۆزنىڭ باش - ئايىغىنىڭ تايىنى يوق ئىدى. ئاخىرى خوجىنىياز ھاجىم: بالا - چاقىلىرىم يېڭىسارغا كەلگەن ئىكەن، ئىككى ئايدىن بېرى ئۇلارنى كۆرمىدىم. ئۆزلىرىنىڭ بۈگۈن يەكەنگە كېلىشلىرىدىن خەۋىرىم يوق ئاتلىنىپ چىقىپتىمەن. مەن ھازىر پوسكامغا بېرىپ، ئەتە

يېنىپ كىرىمەن. ئۆزلىرى ئۇچاغقىچە يەكەندە تۇرۇپ تۇرسىلا، مەن كىرگەندىن كېيىن مۇزاكىرىلەشسەك - دېدى. مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا خوجىنىياز ھاجىمنىڭ تا قىيامەتكىچە يەكەنگە قايتا كىرمەيدىغانلىقىنى ھېس قىلغان بولسىمۇ، لېكىن، ئۇنىڭ يەكەندە بولغىنىدىن بولمىغىنى ياخشىراق دەپ ئويلاپ، يەكەنگە قاراپ يۈرۈپ كەتتى ۋە شۇ كۈنى كېچىدە يەكەنگە كىردى. ئۇ سابىت داموللام بىلەن كۆرۈشۈپ، بۇندىن كېيىن نېمىلەرنى قىلىش ھەققىدە مۇزاكىرىلەشتى. بىراق، سابىت داموللامۇ بۇ كۈنلەردە نېمە قىلارنى بىلەلمەي قالغان ئىدى. ئەتىسى (4-ئاينىڭ 25-كۈنى) بەزى ئىشەنچلىك كىشىلەر مۇھەممەد ئىمىن بۇغراغا: خوجىنىياز ھاجىم سابىت داموللام بىلەن مۇھەممەد ئىمىن بۇغرانى ئەسىرگە ئالماقچى ياكى ئۆلتۈرمەكچى ئىكەن، - دېگەن خەۋەرنى يەتكۈزدى.

ئۇلار بۇ خەۋەرنىڭ راست - يالغانلىقىنى بىلەلمەي تۇرغاندا، يەكەن يېڭى شەھەردىكى خوجىنىياز ھاجىمنىڭ قوماندانلىرىنىڭ بەزى ھەرىكەتلىرى خەۋەرنىڭ راست ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىماقتا ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا يېڭى شەھەردىكى ئەسكەرلىرىنى ئېلىپ، كونا شەھەرگە يۆتكىلىپ كىرىۋالدى. راست دېگەندەك مۇھەممەد ئىمىن بۇغرانىڭ يېڭى شەھەردىن ئايرىلغانلىقىنى بىلگەن خوجىنىياز ھاجىمنىڭ قوماندانلىرى ئالاقزەدە بولۇپ كېتىشتى. خوجىنىياز ھاجىممۇ بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ، دەرھال مۇھەممەد ئىمىن بۇغراغا خەت يېزىپ، ئۇنىڭغا قارىتا ھېچقانداق بىر يامان مەقسىتى يوق ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى ۋە بىر قانچە

ئادىمنى ئەۋەتتى. مۆھەممەد ئىمىن بۇغرا ھاجىم ئەۋەتكەن ئادەملەرگە: ئەگەر ۋەزىيەتنى ئوڭشاپ، ئىشنى ياخشى تەرەپكە باشلاش نىيىتى بولسا، خوجىنىياز ھاجىم ئۆزى يەكەنگە كىرسۇن - دەپ جاۋاب بەردى.

بۇ ئارىدا مۆھەممەد ئىمىن بۇغراغا خەۋەرچىلىرى ئارقىلىق خوجىنىياز ھاجىمنىڭ پىلان، مەقسەتلىرى ھەققىدە خەۋەرلەر يېتىپ تۇردى. 4-ئاينىڭ 26-كۈنى مۆھەممەد ئىمىن بۇغرا سابىت داموللامنى دەرھال كونا شەھەرگە كىرىپ ئۆزىنىڭ يېنىدا تۇرۇش ياكى مەخپىي يول ئارقىلىق خوتەنگە كېتىشنى ئېيتىپ ئادەم ئەۋەتتى. بۇ ۋاقىتتا سابىت داموللام زىرىپ قارىھاجىم بىلەن شەھەر سىرتىدىكى بىر باغدا تۇرۇۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ يېنىدا تۈزۈك ئەسكەرمۇ يوق ئىدى. داموللام كونا شەھەرگە كىرمەي، ئەتىسى مەخپىي يول بىلەن خوتەنگە كېتىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ ئادەم كىرگۈزدى. شۇ كۈنى مەھمۇد سىجاڭ پۈتۈن ئەسكەرلىرىنى ئېلىپ كۆك رۇباتتىن يەكەن يېڭى شەھەرگە قايتىپ كەلدى. ئۇنىڭ بىلەن قايتىپ كەلگەن خوتەن ئەسكەرلىرىمۇ كونا شەھەرگە يېنىپ كىردى. مەھمۇد سىجاڭنىڭ تۇيۇقسىز يەكەنگە كىرىشى سەل سىرلىق بولغاچقا، مۆھەممەد ئىمىن بۇغرا كېسەللىكىنى باھانە قىلىپ يېڭى شەھەرگە ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشكىلى چىقمىدى. بىر قانچە كىشىنى ئادەمگەرچىلىك قىلىپ مەھمۇد سىجاڭنىڭ ئالدىغا چىقارتىپ قويدى. شۇ كۈنى كەچ سائەت 4 ئەتراپىدا مەھمۇد سىجاڭ مۆھەممەد ئىمىن بۇغرا بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن

كونا شەھەرگە كىردى ۋە مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا بىلەن يېرىم سائەتچە ئولتۇرۇپ، ھېچ نەرسىنى مۇزاكىرە قىلالماي چىقىپ كەتتى.

بىر سائەتتىن كېيىن مەھمۇد سىجاڭنىڭ بىر قوماندانى (غوپۇر تۆەنجاڭ بولۇشى مۇمكىن) بىر قىسىم ئەسكەرلىرىنى باشلاپ، شەھەر سىرتىدىكى باغدا تۇرۇۋاتقان سابىت داموللام بىلەن زىرىپ قارىھاجىمنى تۇتۇپ يېگى شەھەرگە ئېلىپ كەتتى. مۇھەممەد ئىمىن بۇغراغا «سابىت داموللامنى تۇتۇپ ئاپىرىپ، خەلق ئالدىدا ھاقارەت قىلىپ باغلاپ قويدى» دېگەن شۇم خەۋەر يېتىپ كەلدى. ئۇ بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ دەرھال مەھمۇد سىجاڭغا نارازىلىق بىلدۈرۈپ ئېتىرازنامە بىلەن ئادەم كىرگۈزدى ۋە دەرھال سابىت داموللامنى بوشىتىپ، كونا شەھەرگە كىرگۈزۈپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. مەھمۇد سىجاڭ ئۇنىڭغا «مەندىن سورىماي ئادەملىرىم شۇنداق قىپتۇ. مەن ئەتىلا داموللامنى ھۆزۈرلىرىغا چىقىرىپ بېرىمەن» دەپ جاۋاب بەردى. بۇ ۋەقە 1934-يىلى 4-ئاينىڭ 26-كۈنى يۈز بەرگەن ئىدى.

شۇ كۈنى كەچتە خەۋەرچىلەر مەھمۇد سىجاڭنىڭ خوجىنىياز ھاجىمنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن مۇھەممەد ئىمىن بۇغرانى بۇ كېچە چوقۇم تۇتۇش ياكى ئۆلتۈرۈۋېتىشنى قارار قىلغانلىقىنى خەۋەر قىلدى. مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا دەرھال قوماندانلىرىنى يىغىپ ئەھۋالنى مۇزاكىرىلەشتى. قوماندانلار مۇنداق مەسلىھەت بېرىشتى: « مەھمۇد سىجاڭنىڭ بۇ ھەرىكىتىگە قورال بىلەن

جاۋاب بەرمەكتىن باشقا چارە يوق. ئۇرۇشتا غەلىبە قىلىش ياكى مەغلۇپ بولۇش ئېھتىمالى تەڭ نىسبەتتۇر. چۈنكى، ئەسكەرلىرىمىز ناھايىتى چارچاپ كەتكەن، روھى سۇنۇق بىر ھالەتتە تۇرۇۋاتىدۇ . بىز ئۇچۇن ئەڭ مۇھىمى سىلىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشلىرى. شۇنىڭ ئۇچۇن ئورۇنلىرىدا بىر كىشىنى قويۇپ، بۇ كېچە يوشۇرۇن ھالدا خوتەنگە كەتسىلە. ئەگەر مەھمۇد سىجاڭ بىزگە يامان نىيەتتە بولسا، ئۇنىڭغا لايىقىدا جاۋاب قايتۇرىمىز». شۇنىڭ بىلەن مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا ئەمىرلەرنىڭ مەسلىھەتى بويىچە، يېنىغا 60 كىشىنى ئېلىپ كېچىسى شەھەردىن چىقىپ كەتتى. كۆزگە چېلىقمايدىغان، مەخپىي يوللار بىلەن يۈرۈپ 5-ئاينىڭ 1-كۈنى گۇمىغا يېتىپ كەلدى ۋە شۇ يەردە توختىدى.

يېڭىسارلىقى تۇڭگانلار يەكەنگە قاراپ يولغا چىقىپ، 5-ئاينىڭ 9-كۈنى كۆك رۇباتقا يېتىپ كەلدى. ئەتىسى مەھمۇد سىجاڭ يەكەندىكى پۈتۈن ئەسكەرلىرىنى ئېلىپ، يەكەننى بوشىتىپ چىقىپ كەتتى ۋە پوسكامنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى بەشكەنت دېگەن جايغا قاراپ ماڭدى. كونا شەھەردىكى خوتەن ئەسكەرلىرىمۇ شەھەرنى بوشىتىپ خوتەنگە قاراپ يولغا چىقتى. شۇنىڭ بىلەن يەكەن شەھىرى تامامەن بوشالدى ۋە 5-ئاينىڭ 10-كۈنى تۇڭگانلار ھېچ چىقىمسىزلا يەكەننى ئىشغال قىلدى.

مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا بۇ تارىخى ئار-نومۇسلۇق پاجىئەگە مۇنداق باھا بەرگەن: «مەھمۇد سىجاڭنىڭ بۇ ھەرىكەتلىرى تارىختا بىر مىللىي ئىنقىلابچى ئۇچۇن يامان ئەيىبتۇر. لېكىن

بــۇ ئەيــــب مەھمـــۇد ســـــجاڭغا يۈكلەنمەيـــدۇ. چـــۈنكى ئـــۇ زات خوجىنىيــــاز ھاجىنىــــڭ قـــول ئاســـــتىدا بولـــۇپ، خوجىنىيــــاز ھاجىنىــڭ بــۇيرۇقىنى ئىجــرا قىلىشــقا مەجبــۇر ئىــدى. يــۇقىرىقى ئىشــلارنىڭ ھەممىســىنى مەھمــۇد ســجاڭ ئــۆز ئىختىيــارى بىــلەن قىلغـــان بولماســـتىن، خوجىنىيــــاز ھاجىنىـــڭ قەتئىـــي بـــۇيرۇقى بىــلەن قىلغــانلىقى مەلۇمــدۇر. شــۇنىڭ ئۈچــۈن بــۇ تــارىخى ئەيــب پۈتۈنلەي خوجىنىياز ھاجىغا يۈكلىنىشى كېرەك».

خوجىنىيــــاز ھــاجىم ۋە مەھمـــۇد ســـجاڭلار ســابىت دامـــوللام، زىرىـــپ قارىھــاجىم ۋە ســۇلتانبېك (بەزى ماتېرىيــاللاردا ســۇلتانبېك تىلغـــا ئېلىنىمىغـــان) قاتـــارلىقلارنى كـــۆتەك ھارۋىغـــا ســـېلىپ، مەھبـــۇس سۈپىتىدە ئېلىـــپ ماڭـــدى. ئـــۇلار مەكـــت تەۋەســـگە يېتىــــــپ كەلگەنـــــدە، ئارقىـــــدىن تۇڭگانلارنىــــڭ قــــوغلاپ كېلىۋاتقــانلىقى مەلــۇم بولــدى. ئــۇلار ئاقســۇغا يــېقىن شــاقۇر دېگەن جايغــا كەلگەنــدە تۇڭگـــانلار يېتىـــپ كېلىـــپ تۇيۇقســـىز كـــېچە باســـقۇنى قىلــدى. ئــۇلار ئېغىــر زەربــگە ئــۇچراپ ، بىــر تەرەپــتىن قارشــــىلىق قىلغـــاچ ئالغـــا ئىلگىـــرىلەپ ئاقســـۇ تەۋەلىكىــــگە ئۆتۈۋالـــدى. كـــېچە قاراڭغۇســـىدا تۇڭگـــانلار داۋاملىـــق قوغلاشـــتىن قورقـــۇپ قالـــدىمۇ ئەيتـــاۋۇر، خوجىنىيــــاز ھاجىمغـــا ئەگىشـــىپ ئاقســـۇ تەۋەلىكىگە كىرمەستىن توختاپ قالدى.

مۇشــــۇ پاتىپاراقچىلىقتـــا ســــابىت دامــــوللام قاتـــــارلىق «مەھبۇســـلار» قوشـــۇندىن ئايرىلىـــپ قالـــدى. ئـــۇلار كېچىـــدە ئېزىـــپ قېلىــــپ يــــۈرۈپ ئــــاخىرى مەكـــــت ئەتراپىـــدىكى بىـــر تـــاغلىق مەھەللىـــگە كېلىـــپ قالـــدى. مەھەللىنىـــڭ ئـــادەملىرى دەســـلەپتە

پۇت ـ قوللىرى كىشەنلەنگەن بۇ يوچۇن ئادەملەرنى كۆرۈپ تېڭىرقاپ قېلىشتى. كېيىن سابىت داموللامنىڭ ئۆزلىرىنى تونۇشتۇرۇشى ۋە قانداق بولۇپ بۇ ئەھۋالدا بۇ يەرلەرگە كېلىپ قالغانلىقىنى قىسقىغىنا تونۇشتۇرغاندىن كېيىن مەھەللىدىكىلەر ئۇلارنى مېھماندوستلۇق بىلەن كۈتۈۋالدى.

ئۇلار مەھەللىدە بىر قانچە كۈن ئارام ئالغاندىن كېيىن، بۇندىن كېيىن قانداق قىلىش توغرۇلۇق مەسلىھەتلەشتى. سابىت داموللام بىلەن زىرىپ قارىھاجىم ئۆزلىرىنىڭ خوجىنىياز ھاجىمنى ئىزدەپ تاپىدىغانلىقىنى، ئەگەر ئۇنى ئىزدەپ تاپمىسا، خوجىنىياز ھاجىمنىڭ سوۋېت ھۆكۈمىتى ئالدىدا تىلى تۇتۇلىدىغانلىقىنى ۋە ئۇلاردىن ئالماقچى بولغان ياردەملىرىنىڭ توختاپ قالىدىغانلىقىنى، شۇڭا ئۇلار كېيىنكى ئۇلۇغ ئىشلار ئۈچۈن، نەچچە مىڭلىغان خەلقنىڭ ئاققان قانلىرىنىڭ بىكار كەتمەسلىكى ئۈچۈن، ئۇلۇغ ئىنقىلابنىڭ نەتىجىسىز ئاياغلاشماسلىقى ئۈچۈن ئۆز جانلىرىنى قۇربان قىلىشقا رازى ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئۇلارنىڭ قاراپ تۇرۇپ ئۆزلىرىنى ئۆلۈمگە تۇتۇپ بەرمەكچى بولۇۋاتقانلىقىدىن سۆلتانبېكنىڭ ئەرۋاھى ئۆچتى ۋە قاتتىق ئاچچىقلانغان ھالدا، خوتەنگە بېرىپ مۇھەممەد ئىمىن بۇغراغا قوشۇلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ پېشىنى قاققىنىچە خوتەنگە قاراپ يولغا چىقتى. سابىت داموللام بىلەن زىرىپ قارىھاجىمۇ خوجىنىياز ھاجىمنى ئىزدەپ مەكىت تەرەپكە قاراپ ماڭدى.

خوجىنىياز ھاجىم ۋەزىيەت تىنچلانغاندىن كېيىن سابىت داموللامىلارنىڭ يوقالغانلىقىنى ئۇقۇپ ناھايىتى خاپا بولدى ۋە ئۇلارنى تېپىپ كېلىشكە ئادەم ئەۋەتتى. ئۇلار يېزا - كەنتلەرنى ئارىلاپ يۈرۈپ مەكىتنىڭ ئېغىز دېگەن يېرىدە سابىت داموللامىلار بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى ۋە ئۇلارنى باشقىدىن كىشەنلەپ، كۆتەك ھارۋا بىلەن ھاجىمنىڭ قېشىغا ئېلىپ ماڭدى.

**قىستۇرما**: سابىت داموللامنىڭ شاقۇر دېگەن جايدا يۈز بەرگەن قالايمىقانچىلىقتا قوشۇندىن ئايرىلىپ قالغانلىقى ۋە كېيىن ئۆز ئايىقى بىلەن خوجىنىياز ھاجىمنىڭ ئالدىغا كەلگەنلىكى ھەققىدىكى بايانلارنى ئاتاقلىق يازغۇچى ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرنىڭ «ئويغانغان زېمىن» ناملىق تارىخى رومانىدىن باشقا ماتېرىياللاردا ئۇچراتمىدىم. شۇڭا بۇ ۋەقەلىكنىڭ ھەقىقىي بولۇپ ئۆتكەنلىكىگە دائىر ئېنىق مەلۇماتىم يوق. ئاللاھ ئەڭ توغرىسىنى بىلگۈچىدۇر .

خوجىنىياز ھاجىم سابىت داموللام بىلەن زىرىپ قارىھاجىمنى ئېلىپ ئاقسۇغا كىردى ۋە رۇس قوماندانى بىلەن كۆرۈشۈپ، پۈتۈشكىنى بويىچە «ئەسىرلەر»نى ئۇنىڭغا تاپشۇرۇپ بەردى. بۇ ۋاقىت 1934 - يىلى 5 - ئاينىڭ 14 - كۈنلىرىگە توغرا كېلىدۇ.

شۇنداق قىلىپ، تارىختا تۇنجى بولۇپ قۇرۇلغان، بىزنىڭ ئىپتىخار ۋە نىشانىمىز بولغان شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيەت يېقىلدى. ئۇنىڭ دەۋر سۈرگەن ۋاقتى ئاران 150 كۈن ئەتراپىدا بولدى.

بۇ دۆلەتنىڭ يېقىلىش سەۋەبى ئەقىل ئىگىلىرىگە قاراڭغۇ ئەمەس دەپ ئويلايمەن. يىغىپ ئېيتقاندا شۇ ۋاقىتتىكى زور كۆپچىلىك خەلقنىڭ نادان، جاھىل ۋە ھەددىدىن زىيادە ساددا ئىكەنلىكى، يەنە بەزى ئادەملەردىكى نەپسانىيەتچىلىك، ھەسەتخورلۇق، تەمەخورلۇق ۋە يۇرتۋازلىقتىن ئىبارەت بۇ مەرەزلەر تۈپەيلى كېلىپ چىققان ئىچكى نىزالار بۇ دۆلەتنىڭ پۇت تىرەپ تۇرالماسلىقىنىڭ ئاساسلىق سەۋەبىدۇر. مانا بۇ بىر تۈركۈم مەرەز ئادەملەر ئۇزۇن يىللاردىن بېرى زۇلۇم تارتىپ، ھۆرلۈك، مۇستەقىللىقكە تەشنا بولۇپ يۈرگەن مەسۇم خەلقنىڭ ئارزۇ - ئارمانلىرىنى پايخان قىلىپ، ھەممىسى باشباشتاقلىق قىلىپ ئۆزى بىلگەن يولغا ماڭغان.

بەلكىم شۇ دەۋردىكى ھەر ساھە كىشىلىرىنىڭ ھەممىسى ئۆزلىرىنىڭ قىلغان ئىشلىرىنى ئەڭ توغرا دەپ ئويلىغان ۋە شۇ يول ئۈچۈن كۈرەش قىلغان بولۇشى مۇمكىن. بىراق، ھەرقانداق ئىشتا ئاللاھ ۋە رەسۇلىنىڭ رازىلىقى كۆزلەنمىسە، ئاللاھ ۋە رەسۇلىنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە بولمىسا، ئۆزىگە توغرا بىلىنگەندەك قىلغان بىلەن (ئەمەلىيەتتە شەيتان شۇنداق چىرايلىق كۆرسىتىپ قويغان) ئاخىرقى ھېسابتا خاتالاشقان بولۇپ چىقىدۇ. بۇنىڭغا شۇ ئىشنى قىلغۇچى ئەمەس خەلق باھا بېرىدۇ. خۇددى، قايسى بىر شېئىردا ئېيتىلغىنىدەك: «ئادىل تارازا ئەل دېگەن، داننى ساماندىن ئايرىدى».

خوجىنىياز ھاجىم سابىت داموللام بىلەن زىرىپ قارىھاجىمنى ئاقسۇدا شىۋىڭ شىسەي ھۆكۈمىتىگە تاپشۇرۇپ

بىرىش ئارقىلىق، ئۆز قىرىندىشىنى ياتلارغا تاپشۇرۇپ بىرىشتەك تارىخىي خاتالىقنى سادىر قىلدى. ئەجەبا ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنۇ ھەدىسىنى بىلمەيدىغان ھالدا بولغىيمىتى : «مۇسۇلمان مۇسۇلماننىڭ قىرىندىشى. ئۇنىڭغا زۇلۇم قىلمايدۇ، ئۇنى زالىمغا تاپشۇرۇپ بەرمەيدۇ».

بەزىلەرنىڭ ئەقلىگە نىمە ئۇچۇن شەرقىي تۈركىستاندىكى بۇزغۇنچى تۇڭگانلار شۇنچە ئىتتىپاقلىشىپ ، ھەمكارلىشالايدۇ؟ تۈرپاندىكى ماجۇڭيىڭغا شۇنچە يىراق قەشقەردىكى ماجەنسالڭ ئىتائەتمەنلىك ۋە سادىقلىق بىلەن بويسۇنىدۇ؟ نىمە ئۇچۇن ئۇيغۇرلار دىنى بىر، تىلى بىر، قىنى بىر تۇرۇپ ئاشۇ تۇڭگانلارچىلىكمۇ بولالمايدۇ ؟ دىگەن سوئاللار كېلىشى مۇمكىن. بۇنىڭ جاۋابى: شەرقىي تۈركىستانغا چىققان تۇڭگانلار خىتايدا ئۆز ماكانلىرىغا «پاتمىغان» ۋە بىزنىڭ گۈزەل تۇپرىقىمىزغا كۆز قىزارتىپ چىققانلاردۇر. دىمەك ئۇلارنىڭ تولىسى بىر نىيەت، بىر مەقسەتتە چىققان. يەنە بىرى ، تۇڭگانلار بۇ يۇرتقا مۇساپىر. مۇساپىرلىق موھتاجلىق دىمەكتۇر. مۇساپىرلىق ئىنسانلارنى تەبىئىيلا بىر نۇقتىغا يىغىپ قويىدۇ. بىر باشپاناھقا موھتاج قىلىپ قويىدۇ. كىشى خالار ـ خالىماس بىراۋلارغا بېقىنىپ قالىدۇ. مانا بۇ سەۋەبتىن شەرقىي تۈركىستانغا چىققان بۇ تۇڭگانلار چەت يۇرتلادا ماجۇڭيىڭدەك قابىل يول باشچىغا موھتاج بولغاچقا ئىختىيارسىز ھالدا ئۇنىڭغا ئەگەشكەن ۋە ئوخشاش نىشان ئۈچۈن ئوخشاش ئۇسۇلدا كۈرەش قىلغان. ئەمما، ئۇيغۇرلار بولۇپمۇ يۇرت كاتتىلىرى «ئەجدادلىرىدىن تارتىپ چوڭ ئۆتكەن»

كىشىلەر بولغاچقا ئۆزلىرىنى باشقىلاردىن بىھاجەت سانىغان، بىرەر يولباشچىغا ئىتائەت قىلىشنى خالىمىغان، «سەندىن مەن قالامتىم» پىسخىكىسى ئۇلارنىڭ ئەقىللىرىنى كونترول قىلىۋالغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ دىنى، تىلى، قېنى بىر بولغان بىلەن دىلى بىر بولماسلىق سەۋەبىدىن يۇقىرىقىدەك پاجىئەلەر كېلىپ چىققان.

ئىنقىلابنىڭ ئاخىرقى سەھىپىلىرى:

مۇھەممەد بۇغرا ھېلىقى كېچىسى 60 ئادىمى بىلەن يەكەندىن چىقىپ 5 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى گۇمىغا كېلىپ توختىغان ئىدى. ئۇ يەكەندىن كېلىدىغان ئەسكەرلىرىنى كۈتۈپ گۇمىدا بىر مەزگىل تۇرۇپ قالدى. كېيىن خوتەن ئەسكەرلىرى ئارقا ـ ئارقىدىن گۇمىغا يېتىپ كەلدى. ئۇ كەلگەن ئەسكەرلەرنى قارشى ئالدى ۋە خوتەنگە يولغا سېلىپ تۇردى. ئاخىردا بىر قىسىم ئەسكەرلەرنى گۇمىدا قالدۇرۇپ، ئۆزى خوتەنگە قايتىپ، 5 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى خوتەنگە يېتىپ كەلدى. ئۇ كەلگەندە خوتەن خەلقى ئىنقىلابچىلارنىڭ بېشىغا كەلگەن بۇ ئېغىر مۇسىبەتلەر سەۋەبىدىن ماتەمدە ئىدى. ئۇ ئەتىسى خەلق ۋە ئەسكەرلەرنى خوتەن راۋاق مەيدانىغا توپلاپ، ئۇلارغا سۆز قىلدى. قەشقەر، يېڭىسارىدىكى جەڭلەردە شېھىت بولغان ئىككى ئىنىسى باشلىق قەھرىمان ئوغلانلارنىڭ شاھادىتىنى ئېلان قىلدى. خەلققە بۇ مۇسىبەتلەرگە ھازا تۇتماسلىقنى ۋە ھېچقانداق ماتەم مۇراسىمى (نەزىر ـ چىراغ دېگەندەك) ئۆتكۈزمەسلىكنى ئېيتتى ۋە ھەر ۋاقىت يېتىپ كېلىش

ئىھتىماللىقى بولغان خەتەردىن ساقلىنىش ئۈچۈن تەييارلىق قىلىش كېرەكلىكىنى بىلدۈرۈپ، سەپەرۋەرلىككە چاقىردى.

ئۇ شۇ كۈندىن باشلاپ ئەسكەرلەرنى يېڭىدىن تەرتىپكە سېلىنىشقا، مۇمكىن قەدەر قورال ۋە ئوق - دورا تەييارلاشقا كىرىشىپ كەتتى. بۇ كۈنلەردە ئاقسۇدا تۇرۇۋاتقان خوجىنىياز ھاجىمدىن مۇھەممەد ئىمىن بۇغراغا خەت كېلىپ تۇردى. خەت ئاساسەن مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا قاتارلىق خوتەن ھۆكۈمىتى ئەزالىرىنى ئاقسۇ تەرەپكە دەۋەت قىلىش مەزمۇنىدا ئىدى. مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا بۇ خەتلەرگە جاۋاب قايتۇرماستىن ئۆز ئىشىنى داۋاملاشتۇرۇۋەردى.

مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا سۈلھى تۈزۈش باھانىسى بىلەن تۇڭگانلارنىڭ مەقسىتىنى بىلىپ بېقىش ئۈچۈن، قەشقەردىكى ماجۇڭيىڭغا بىر ھەيئەت يوللىغان ئىدى. بۇ ھەيئەتنىڭ خوتەنگە ئەۋەتكەن خېتىدىن مەلۇم بولىدىكى - خوتەن ھۆكۈمىتىنىڭ كېلىشىم تۈزۈش تەكلىپى ماجۇڭيىڭنىڭ پىلانىغا ماس كەلمەسمىش. ئۇنىڭ پىلانى « شېڭ شىسەي ئەۋەتكەن رۇس ئارمىيىسى قەشقەرگە كىرىشى ھامان، خوتەنگە قېچىپ كېلىپ، ئۇ يەردىن چاقىلىق يولى ئارقىلىق گەنسۇغا كېتىش » ئىكەن. بۇنىڭ ئۈچۈن مەيلى ئۇرۇش قىلسۇن ياكى سۈلھى تۈزسۇن چوقۇم خوتەننى ئىشغال قىلىپ ئاندىن گەنسۇغا ئۆتۈپ كېتىشتىن باشقا يولنى قوبۇل قىلمايدىغانلىقى مەلۇم بولدى.

خوتەن ھۆكۈمىتى بۇ تۇڭگانلارنىڭ ئىنتايىن زالىم ۋە ۋەھشىي بۇلاڭچى ئىكەنلىكىنى ئاللىقاچان تونۇپ يەتكەن ئىدى. شۇڭلاشقا ئۇچۇن تۇڭگانلارنىڭ خوتەننى ئىشغال قىلىشىنى كۈچى يەتكەن ئاخىرقى مىنۇتلىرىغىچە تىركىشىپ، يۇرت ـ خەلقنى تۇڭگانلارنىڭ بۇلاڭ ـ تالاڭغا تۇتۇپ بەرمەسلىك قارارىغا كەلدى. 5 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى زاۋۇتغا ئەسكەر توپلاپ مۇداپىئەگە تەييارلاندى.

5 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى ماجۇڭيىڭ مارۇلۇڭنىڭ قوماندانلىقىدا ئەڭ يېڭى مىلتىق ۋە پىلىموتلار بىلەن قوراللانغان بىر ئاتلىق قىسىمنى گۇمىغا يوللىدى. گۇمىدىكى مۇھاپىزەتچى قىسىملار زاۋۇتغا قايتىپ كەلدى. مارۇلۇڭ گۇمىنى ئۇرۇشمايلا ئىشغال قىلدى ۋە 6 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى پىيالمىغا يېتىپ كەلدى. خوتەن قىسىملىرى بىلەن مارۇلۇڭنىڭ ئوتتۇرىسىدا 35 كىلومېتىرلىق بىر سايلا قالغان ئىدى. ئۇ زاۋۇتدىكى مۇداپىئە قىسىملىرىدىن قورقۇپ ئالغا ئىلگىرىلىيەلمىدى ۋە پىيالمىدا توختاپ قەشقەردىن ياردەمچى قوشۇن تەلەپ قىلدى.

مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا زاۋۇتدىكى قوماندانلارغا بەزى ئىشلارنى تاپىلاپ قويۇپ، ئۆزى مۇھىم بىر ئىش بىلەن 6 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى خوتەنگە قايتىپ كەتتى.

زاۋۇتدىكى قوماندانلار تۇڭگانلارغا قەشقەردىن ياردەم يېتىپ كېلىشتىن بۇرۇن، ئۇلارنىڭ ئۇستىگە تۇيۇقسىز كېچە باسقۇنى قىلماقچى بولۇپ 6 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى كېچىسى پىيالمىغا قاراپ يولغا چىقتى. لېكىن، چۆلدىكى كېچە قاراڭغۇلىقىدا ئەسكەرلەر

يولىدىن ئادىشىپ قالدى ۋە ئايلىنىپ يۈرۈپ يېرىم يولغا كەلگەندە تاڭ يورۇپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئامالسىز ئارقىغا قايتىشقا مەجبۇر بولدى. ئۇلار كېچىچە يول يۈرگەنلىكتىن قۇم روبات (زاۋىغا يېقىن بىر يەر) قا ناھايىتى ھارغىن ھالدا قايتىپ كەلدى. قوماندانلار ئالدىنقى سەپتە ئازراق ئەسكەر قالدۇرۇپ، قالغان ئەسكەرلەرگە تاماق يېيىش ۋە ئىستىراھەت قىلىشقا رۇخسەت بەردى.

خوتەن ئەسكەرلىرىنىڭ كېچىدە ئېزىپ يۈرۈپ يېرىم يولدىن قايتىپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلىغان مارۇلۇڭ دەرھال ئاتلىنىپ، سەھەر ۋاقتى بىلەن قۇم روباتقا ھۇجۇم قىلدى. ئارام ئېلىۋاتقان ئەسكەرلەر بىر يەرگە يېغىلىپ بولغىچە تۇڭگانلار بېسىپ كېلىپ قالدى. لېكىن، بۇ ئارىدا خوتەن ئەسكەرلىرىمۇ ئۆز سەپلىرىنى تېپىۋالدى ۋە تۇڭگانلارغا قارشى قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتتى. ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا ئېتىشىۋازلىق راسا قىزىپ كەتتى. خوتەن ئەسكەرلىرى تېزلا ئۆزلىرىگە كېلىۋالغاچقا ئۇرۇشتا ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەپ تۇراتتى. 4 سائەت داۋام قىلغان جەڭدە تۇڭگانلار پەقەتلا ئالغا ئىلگىرىلىيەلمىدى. كەچقۇرۇن تۇڭگانلار قاتتىق بىر ھۇجۇم بىلەن سەپنىڭ ئوڭ تەرىپىنى قورشىۋالدى. خوتەن ئەسكەرلىرىنىڭ سېپى ئىككىگە بۆلۈنۈپ كەتتى. ئارقىدىن تۇڭگانلار پىلىموتتىن يامغۇردەك ئوق ياغدۇرۇپ ئىلگىرىلەپ خوتەن ئەسكەرلىرىنى چېكىندۈرۈشكە باشلىدى. ئەسكەرلەر قۇم روباتتىن چېكىنىپ زاۋىغا كېلىپ قايتىدىن سەپ تۈزمەكچى بولغان بولسىمۇ پىيادە قىسىمدىكىلەر بەك پاراكەندە بولۇپ كەتكەنلىكتىن ئۇلارنى يىغىش مۇمكىن

بولمىدى. شۇنىڭ بىلەن خوتەننىڭ ئەڭ مۇستەھكەم ھەربىي بازىسى دۈشمەننى قولىغا چۈشۈپ كەتتى.

كېچىسى زاۋىدىن چېكىنگەن قوماندان، ئەسكەرلەر خوتەنگە يېتىپ كېلىشكە باشلىدى. مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا كېچىچە ئەسكەرلەرنىڭ توپلىنىشىنى كۈتكەن بولسىمۇ لېكىن، خوتەن شەھىرىگە ئازغىنە ئەسكەر يىغىلالىدى. قالغانلارنىڭ ھېچ خەۋىرىنى ئالالمىدى. ئۇ ئاخىرى زاۋىغا بېرىپ چېچىلىپ كەتكەن ئەسكەرلەرنى توپلاش مۇمكىن بولسا، شەھەرنى مۇداپىئە قىلىش، ئەگەر بۇنداق قىلىشقا ئىمكانىيەت بولمىغاندا تاغ تەرەپكە كېتىپ، ئۇ يەردە كۈچ تەشكىللەپ، دۈشمەنگە قايتىدىن ھۇجۇم قىلماقچى بولدى.

ئەمما بۇ ئەھۋالدا چېچىلىپ كەتكەن ئەسكەرلەرنى يىغىش مۇمكىن بولمايدىغان، مۈشكۈل ئىش ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا زاۋىغا بېرىشتىن ۋاز كېچىپ، تاغ تەرەپكە قاراپ يولغا چىقتى. تاغقا يېتىپ بارماستىن ئەسكەرلىرىنىڭ سانى 300 ئاتلىققا يەتتى. ئەتىسى ئۇلار لاگرۇ (خوتەننىڭ جەنۇبىدىكى تاغلىق يېزا) يېزىسىغا كېلىپ توختىدى. ئۇلارغا يەنە 200 ئاتلىق ئەسكەر قوشۇلۇپ سانى 500 گە يەتتى. ئۇلار داۋاملىق ئىلگىرىلەپ 6-ئاينىڭ 13-كۈنى لاگرۇنىڭ يۇقىرى تەرىپىدىكى پوپۇنا دېگەن كەنتكە كېلىپ توختىدى ۋە بۇ جاينىڭ مۇستەھكەم تەبىئىي شارائىتىدىن پايدىلىنىپ، مۇشۇ يەرنى مەركەز قىلىپ كۈچ توپلىماقچى بولدى.

مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا پوپۇنىغا يۆتكىلىشتىن ئىلگىرى دۈشمەننىڭ دىققىتىنى باشقا ياققا بۇراپ پوپۇنىدىكى مەركەزنى ساقلاپ قالماقچى بولغان ئىدى ۋە 300 ئاتلىق ئەسكەرنى لاگېرۇدا قالدۇرۇپ ئۆزى 200 ئاتلىق بىلەن پوپۇنىغا يۆتكەلگەن ئىدى. تۇڭگانلار مۇھەممەد ئىمىن بۇغرانىڭ بۇ پىلانىنى سېزىپ قېلىپ، لاگېرۇدىكى ئەسكەرلەرگە تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىدى. ئەمما قاراۋۇللار ۋاقتىدا خەۋەر قىلىپ ئۈلگۈرگەنلىكتىن، ئەسكەرلەر تېزلىك بىلەن يۆتكىلىپ پوپۇنا ئىستىھكامىغا كىلىۋالدى ۋە دۈشمەننىڭ ئالدىنى توسۇپ زەربە بېرىشكە باشلىدى. بىراق جەڭ ۋەزىيىتى ئەسكەرلەرنى پاسسىپ ھالغا چۈشۈرۈپ قويدى. يەنى: تۇڭگانلار تۆپىلىكنى ئىگىلىۋالغاچقا ئەسكەرلەر يۇقىرىغا چىقالماي، تۆۋەنگە قاراپ چېكىنىشكە باشلىغاندا تۇڭگانلار ئۇلارنى ئارقا تەرەپتىن ئوققا تۇتۇشقا باشلىدى. قارشىلىق قىلىشقا ئىمكانىيىتى قالمىغان ئەسكەرلەرنى ياۋۇز تۇڭگانلار قارغا ئېلىش مەشىقى قىلغاندەكلا ئېتىۋەردى. ئۇلار ئاخىرى بۇ جەددىي ۋەزىيەتتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن دەرياغا ئات سالدى. بەزىلىرى تاغ يوللىرى بىلەن ئايلىنىپ يۈرۈپ مۇھاسىرىدىن قۇتۇلۇپ چىقتى. بۇ ئۇرۇشتا بىر قانچە قابىلىيەتلىك قوماندان بىلەن 200 دەك ئەسكەر شېھىت بولدى. نەتىجىدە پوپۇنا كەنتى تۇڭگانلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتتى. مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا قالغان ئەسكەرلىرىنى ئېلىپ پوپۇنا دەرياسىدىن كېچىپ ئۆتتى ۋە 42 كىلومېتىر يول يۈرگەندىن كېيىن دۇۋا كەنتى (گۇما ناھىيەسىگە قاراشلىق تاغلىق رايون) گە يېتىپ كەلدى. ئۇ يەردىمۇ دۈشمەننىڭ

ھۇجۇمىدىن ئەنسىرەپ ئۇزۇن تۇرالماي، داۋاملىق ئىلگىرىلەپ سانجۇ داۋىنىنىڭ ئېتىكىدىكى ھىندىستانغا بارىدىغان يول ئېغىزىغا كېلىپ توختىدى. بۇچاغدا مۇھەممەد ئىمىن بۇغرانىڭ يېنىدا 50 كىشىلا قالغان ئىدى. بۇلاردىن بىر قىسىم كىشىلەر ئۈمىدسىزلىنىپ، رۇخسەت سوراپ مۇھەممەد ئىمىن بۇغرادىن ئايرىلدى. ئەمدى ئۇنىڭ يېنىدا 30 كىشى قالدى. ئۇلار بۇ يەردە ئون كۈندەك تۇرغاندىن كېيىن، مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا يەنە ئۈمىدسىزلەنمەي مەھەللىلەر بار جايغا كەلدى ۋە ئۆزى بىر كۈنلۈك ئۇزاقلىقتا قېلىپ، بىر قىسىم ئادەملىرىنى سانجۇ يېزىسىغا ئەۋەتتى. ئۇنىڭ مەقسىتى ـ ئەگەر سانجۇدا ئادەم توپلاشقا مۇۋەپپەق بولالىسا، تەشكىللىنىپ قايتىدىن كۈرەشكە ئاتلىنىش ئىدى. بىراق ، سانجۇدا تۇڭگان ئەسكەرلىرى بولغانلىقى ئۈچۈن ئەۋەتكەن ئادەملەر ئادەم توپلاشقا مۇۋەپپەق بولالماي، تاغ يولى ئارقىلىق خوتەنگە كەتتى. ئەمدىلىكتە مۇھەممەد ئىمىن بۇغرانىڭ يېنىدا پەقەت 12 كىشىلا قالغان ئىدى. بۇ ئارىدا تۇڭگانلارنىڭ ئۇلار تەرەپكە قاراپ يۈرۈش قىلغانلىقى، لېكىن دەريادا سۇ ئۇلۇغ بولغانلىقى ئۈچۈن دەريادىن ئۆتۈشكە ئامالسىز قالغانلىقى توغرىسىدا خەۋەر كەلدى. ئۇلار 7 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى سانجۇ داۋىنىدىن ئۆتۈپ ئىككى كۈن يول يۈرگەندىن كېيىن سۆگەت قۇرۇل دېگەن جايغا كەلدى ۋە بۇ يەردە 6 كۈن تۇردى. مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا ھەر جەھەتتىن ئۈمىدسىز قالغانىنى ئاز دەپ دۈشمەننىڭ تەھدىت خەۋەرلىرى كېلىشكە باشلىدى ۋە دۈشمەننىڭ ھۇجۇم قىلىپ كېلىش ئېھتىمالى ئارتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلارنىڭ ئوزۇق ـ

تۇلۇكلىرى ۋە ئاتلىرىنىڭ يەم - خەشەكلىرىمۇ تۈگەي دەپ قالغان ئىدى.

مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا مانا مۇشۇنداق ئېغىر ۋەزىيەتتە، مەجبۇرى ھالەتتە يېنىدىكى ھەمراھلىرى بىلەن 7- ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ھىندىستان تەرەپكە ئۆتۈپ كەتتى.

ھېلىقى چاغدا تۇڭگانلار زاۋىنى ئالغاندىن كېيىن ئارقىدىنلا قارىقاش شەھىرىنى ئىشغال قىلدى. خوتەن ھۆكۈمدارى مىلىك ھەزرىتىم شەھەر كاتتىلىرىنى يىغىپ، ھېچ بىر مۇداپىئە كۈچى قالمىغانلىقتىن، تۇڭگانلارغا تەسلىم بولۇشنى قارار قىلدى ۋە بۇ قارارنى مارۇلۇڭغا يەتكۈزدى. 6- ئاينىڭ 10-كۈنى مارۇلۇڭ خوتەنگە كېلىپ شەھەرنى ئىشغال قىلدى. تۇڭگانلار خەلقنى ئالداپ، مىلىك ھەزرىتىمنى خوتەنگە ۋالىي قىلىپ قويدى. ئەمەلىيەتتە بۇ ھېچقانداق ھوقۇقى بولمىغان قورۇق بىر ئۇنۋاندىن ئىبارەت ئىدى. شۇنىڭ بىلەن خوتەن ئىنقىلابى ئاخىرلاشتى.

خوجىنىياز ھاجىم ئاقسۇدا سابىت داموللامنى شىڭ شىسەي ھۆكۈمىتىگە تاپشۇرۇپ بەرگەندىن كېيىن، شېڭ شىسەي ۋە سوۋېت ھۆكۈمىتى ۋەكىللىرىنىڭ قايتا - قايتا دەۋەت قىلىشى ۋە ھەر خىل ۋەدىلەرنى بېرىشى بىلەن، يېقىن ئادەملىرىنىڭ تۇسۇشىغا قارىماي ئۈرۈمچىگە كېلىپ «مۇئاۋىن ئۆلكە رەئىسى» دېگەن مەنسەپ بىلەن ھۆكۈمەتكە شېرىك بولدى. لېكىن بۇ، شېڭ شىسەينىڭ پۈتۈن شەرقىي تۈركىستاندىكى مىللىي ئىنقىلابچىلارنى يوقىتىپ بولغىچە، خوجىنىياز ھاجىمنى

ئۈرۈمچىدە تۇتۇپ تۇرۇپ، ھېچقانداق ئىش قىلدۇرماسلىق ئۈچۈن ئوينىغان ئويۇنى ئىدى. مەھمۇد سىجاڭ 4000 كىشىلىك مىللىي قوشۇنغا قوماندان بولۇپ، ئۈرۈمچى ھۆكۈمىتىگە تەۋە ھالدا ئاقسۇدا قالدى. كېيىن تۇڭگانلار قەشقەردىن چېكىنىپ چىقىپ كەتكەندە، 6- دىۋىزىيەنىڭ سىجاڭى بولۇپ قەشقەرگە يۆتكەلدى.

1934-يىلى 7-ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ، شېڭ شىسەينىڭ رۇس ۋە خىتايلاردىن تەركىب تاپقان (ئىسھاقبېك قوماندانلىق قىلغان قوشۇن مۇشۇ بولۇشى مۇمكىن) زامانىۋىلاشقان مۇنتىزىم قىسىملىرى تۇڭگانلارنى ۋە مىللىي ئىنقىلاب قالدۇقلىرىنى تازىلاش ئۈچۈن قەشقەرگە يۈرۈش قىلدى. تۇمشۇق تاغ دېگەن يەردە قاتتىق ئۇرۇش بولدى. زەمبىرەك، ئايروپىلانلار بىلەن ھۇجۇم قىلىپ تۇڭگانلارنى ئېغىر تالاپەتكە ئۇچراتتى. نەتىجىدە تۇڭگانلار پاراكەندە بولۇپ يەكەن، خوتەن تەرەپلەرگە قېچىشقا باشلىدى. بۇ مەغلۇبىيەتتىن قاتتىق قورقۇپ كەتكەن ماجۇڭيىڭ گەنسۇغا كېتىشتىن ئۈمىدىنى ئۈزۈپ، بىر قىسىم ئادەملىرى بىلەن فەرغانىگە قېچىپ بېرىپ سوۋېت ھۆكۈمىتىدىن پاناھلىق تىلىدى. شۇنىڭ بىلەن شەرقىي تۈركىستان ئىنقىلابىنى ئەڭ ئېغىر زىيانغا ئۇچراتقان ، ئىنقىلاب مەغلۇبىيىتىنىڭ ئاساسلىق سەۋەبچىلىرىدىن بىرى بولغان ماجۇڭيىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى بىۋاسىتە پائالىيەتلىرى ئاخىرلاشتى.

**قىستۇرما**: ماجۇڭيىڭنىڭ ئالتە شەھەردە سوۋېت ئارمىيىسىدىن قېچىپ يەنە سوۋېت ھۆكۈمىتىدىن پاناھ تىلەپ فەرغانىگە قېچىپ كېتىشى سەل غەلىتىدەك تۇيۇلىدۇ . ئەمەلىيەتتە ماجۇڭيىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئۆزى پاناھلىق سورىمىغان. بەلكى، نېمە قىلارىنى بىلەلمەي گاڭگىراپ قالغان ماجۇڭيىڭنى سوۋېت ھۆكۈمىتى ئۆزى تەلەپ قىلىپ ئېلىپ چىقىپ كەتكەن. قاراڭ بۇ رۇس ـ كوممۇنىست ئالۋاستىلارنىڭ ھېيلىگەرلىكىنى. ئەينى چاغدا شېڭ شىسەي ماجۇڭيىڭنى يوقىتىش ئۈچۈن سوۋېت ھۆكۈمىتىدىن ياردەم سوراپ يېلىنغان ئىدى. شۇنىڭ بىلەن سوۋېت ئارمىيەسى تۇڭگانلارغا شىددەت بىلەن ھۇجۇم قىلىپ ئۇلارنى تارمار قىلىۋەتتى. بىراق، ستالىن ماجۇڭيىڭدەك قابىلىيەتلىك بىر ياشتىن پايدىلانماقچى ئىدى. يەنى: ئۇنى سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئوقۇتۇش نامىدا تۇتۇپ تۇرۇپ، ئەمەلىيەتتە ئۇنى شېڭ شىسەينى تىزگىنلەپ تۇرۇشى ئۈچۈن بىر پىچكا قىلغان ئىدى. يەنە بىرى ماجۇڭيىڭنىڭ قولىدا شەرقىي تۈركىستان خەلقىدىن بۇلاپ يىغىۋالغان بىر مىقدار ئالتۇن بار ئىدى. ئاچكۆز رۇسلارنىڭ بۇ ئالتۇنلارغا كۆزى چۈشمەيدۇ دېگىلى بولمايتتى. شۇنداق قىلىپ، رۇسلار بۇ ھىيلىسى بىلەن شېڭ شىسەينىمۇ ماجۇڭيىڭنىمۇ رازى قىلدى.

قالغان تۇڭگانلار ماخۇسەننىڭ باشچىلىقىدا قەشقەردىكى بىگۇناھ خەلقنى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىپ، ئۆيلەرگە ئوت قويۇۋەتتى . ئازراقلا قارشىلىق كۆرسەتكەنلەرنى كۆزى مىتمۇ

قىلىپ قويماستىن ئۆلتۈرۈۋەتتى. قولىدىن كېلىدىغان پۈتۈن ۋەھشىيلىكلەرنى قىلىپ، خوتەنگە قاچتى ۋە خوتەنگە كېلىپلا چاقىلىق ئارقىلىق گەنسۇغا كېتىشكە هازىرلاندى، بىر قىسمى ئالدىن يۈرۈپ كەتتى.

دەل شۇ مەزگىلدە شېڭ شىسەي قەشقەردىكى ئەسكەرلىرنى قىستارتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە سوۋېت هۆكۈمىتى ئەسكەرلىرنى قايتۇرۇپ چىقىپ كەتتى. بۇ بەلكىم خەلقئارانىڭ سوۋېت هۆكۈمىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستانغا ئاشكارا هالدا ئارمىيە كىرگۈزۈشكە بولغان نارازىلىقى تۈپەيلى بولۇشى مۈمكىن. شۇنىڭ بىلەن شېڭ شىسەي مەهمۇد سىجاڭغا يېقىنچىلىق قىلىپ، ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى ئۇيغۇر ئەسكەرلەرنى قەشقەر ۋە يەكەندە تۇرغۇزدى هەمدە ئۇنىڭغا «سىجاڭ»لىق مەنسىپىنى بەردى. شېڭ شىسەي ئالتە شەهەردىكى كۈچىنىڭ ئاجىزلاپ قالغانلىقى سەۋەبىدىن خوتەنگە هۇجۇم قىلىشقا ئامالسىز قالدى. شۇنىڭ بىلەن ماخۇسەنمۇ گەنسۇغا كەتمەي خوتەندە تۇرۇپ قالدى.

مەهمۇد مۇهىتى قەشقەردە تۇرغان 3 يىل ئىچىدە ئۆز ئورنىنى ساقلاپ قېلىش بىلەن بىرگە مىللىي قىسىملارنى تەرتىپكە سېلىپ ئۇلارنى ياخشى تەربىيەلىدى. مائارىپنى راۋاجلاندۇرۇپ، خەلققە نۇرغۇن پايدىلىق ئىشلارنى قىلىپ بەردى.

شېڭ شىسەي هەرخىل هىيلە ـ مىكىرلەرنى ئىشلىتىپ، يوشۇرۇن سۇيىقەست پىلانلاپ مەهمۇد مۇهىتىنىڭ مىللىي

ئەسكەرلىرنى ئاجىزلاشتۇرماقچى ۋە قەشقەردە ئۆزىنىڭ تەسىرىنى كۈچەيتىش ئارقىلىق شەرقىي تۈركىستاننىڭ پۈتۈن مىللىي ئىنقىلاب كۈچلىرىنى يوقاتماقچى بولدى. لېكىن، مەھمۇد مۇھىتى ئۇنىڭ ھىيلە ـ مىكىرلىرىگە ئالدانمىدى. بىر قانچە قېتىم ئۇرۇمچىگە چاقىرتقان بولسىمۇ، ھەرخىل باھانە ـ سەۋەبلەرنى كۆرسىتىپ، ئۇرۇمچىگە بېرىشنى رەت قىلدى.

1937 ـ يىلى ئەتىيازدىن باشلاپ مەھمۇد سىجاڭ قەشقەردە ھەرخىل بېسىملارغا دۇچ كېلىشكە باشلىدى. قەشقەردىكى بەزىبىر ئەسكىرى ۋە مەمۇرىي ئەمەلدارلارنى شېڭ شىسەي كۆپ مىقداردا پۇل ۋە مەنسەپ بېرىشنى ۋەدە قىلىپ مەھمۇد مۇھىتىغا دۈشمەن قىلىپ قويغان ئىدى. شۇنىڭ بىلەن مەھمۇد مۇھىتى 1937 ـ يىلى 4 ـ ئايدا، قەشقەر ۋە يەكەندىكى ئەسكەرلىرىگە ئىشەنچلىك ئادەملىرىنى تەيىن قىلىپ قويۇپ، دۈشمەنلەرگە تۈيدۇرماستىن ئازغىنە ئادەملىرى بىلەن يەكەن كۆكيار يولى ئارقىلىق ھىندىستانغا ئۆتۈپ كەتتى.

مەھمۇد مۇھىتى ھىجرەت قىلىپ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ قوماندانلىرىدىن ئابدۇنىياز خوتەندىكى ماخۇسەن بىلەن بىرلىشىش كېلىشىمى ئىمزالاپ، شېڭ شىسەيگە قارشى ئۇرۇش ئېلان قىلدى. ئۇلار بىرلىشىپ جەڭ قىلىپ نۇرغۇن جايلارنى شېڭنىڭ قولىدىن تارتىۋالدى. لېكىن تۇڭگانلار ئادىتى بويىچە خىيانەت يولىنى تۇتۇپ، بەزىدە جەڭ مەيدانىنى تاشلاپ قېچىپمۇ تۇردى. ئەمما ئابدۇنىياز قوماندان بارغانلا جايدا

دۈشمەننى مەغلۇپ قىلىپ ئاقسۇ، كۇچانى ئازاد قىلدى ۋە قارا شەھەرگە قاراپ يولىنى داۋام قىلدى.

1937-يىلى 8-ئايدا «بىزگە خىتاي ھۆكۈمىتىدىن رۇخسەت كەلدى. قەشقەرنىڭ تىنچلىقىنى قوغداپ بېرىمىز» دېگەن باھانە بىلەن رۇس ، قازاق، قىرغىزلاردىن تەركىب تاپقان 5000 كىشىلىك سوۋېت ئارمىيىسى شەرقىي تۈركىستانغا كىردى. رۇس ئايروپىلانلىرى قەشقەر ئاسمىنىدا ئۇچۇپ يۈرۈپ بەزى يەرلەرگە تەشۋىقات ۋاراقچىلىرى، بەزى يەرلەرگە بومبا تاشلىدى. بۇنى كۆرگەن ماخۇسەن ئالاقزەدە بولۇپ ئەسكەرلىرىنى ئېلىپ قېچىشقا باشلىدى. ئۇ قېچىش جەريانىدا بارغانلىكى جايدىكى خەلقنى بۇلاڭ-تالاڭ، قىر-چاپ قىلىپ ماڭدى. ئۇلار شۇ ھالەتتە يۈرۈپ تاغ يولى ئارقىلىق ھىندىستانغا ئۆتۈپ كەتتى. ئۇنىڭ كەينىدىن 9-ئايدا مىلىك ھەزرىتىم - مۇھەممەد نىياز ئەلەم ئاخۇنۇمۇ ھىندىستانغا كەلدى.

ئابدۇنىياز بەگمۇ كۇچا ئەتراپىدا دۈشمەنگە قارشى ناھايىتى قاتتىق ئۇرۇشلارنى قىلدى. جەڭ تازا قىزىپ، غەلىبە ئۇلار تەرەپكە قاراپ يۈزلىنىۋاتقان پەيتتە ، ئۇلارنىڭ ئىتتىپاقچىسى بولغان تۇڭگان قىسمى جەڭ مەيدانىنى تاشلاپ جەنۇبقا قاراپ قېچىشقا باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن ئابدۇنىياز بەگمۇ مەغلۇپ بولۇپ، ئەسكەرلىرى چېچىلىپ كەتتى.

سوۋېت ئارمىيىسى ئابدۇنىياز بەگنى مەغلۇپ قىلغاندىن كېيىن، خوتەنگە يۈرۈش قىلدى. ئۇلار تۇڭگانلارنى ئۇچرىغان يەردە ھاۋادىن بومبا تاشلاپ، يەردە پىيادە قىسىملىرى قوغلاپ

يـۈرۈپ پاجىئەلىـك شـەكىلدە قىـرغىن قىلـدى. قۇتۇلـۇپ قالغـان قىسـىملىرى چاقىلىق ئارقىلىق گەنسۇغا قاراپ قاچتى. لېكىن ئۇلارمـۇ پايانسـىز چۆلـدە ئـاچلىق ۋە ئۇسسـۇزلۇقتىن ئۆلـۈپ، بەلكىـم يـۈزدىن بىـرى گەنسـۇغا يېتىـپ بارالىغـان بولۇشـى مۇمكىن.

شـەرقىي تۈركىسـتانغا «چاقىرىلمىغـان مېھمـان» سـۈپىتىدە كىرىـپ، خەلقـقە زور بـالايى ـ ئـاپەتلەرنى ئېلىـپ كەلـگەن بـۇلاڭچى تۇڭگانلارنىـڭ ئـاقىۋىتى ئەنە شـۇنداق بولـدى. شـۇنىڭ بىـلەن 1937 ـ يىلـى 10 ـ ئايـدا پۈتـۈن ئـالتە شـەھەر، ھېسـابتا پۈتكـۈل شـەرقىي تۈركىسـتان شـېڭ شىسـەينىڭ ئىستېلاسـى ئاسـتىدا قالدى.

1937 ـ يىلـى 12 ـ ئـۆكتەبىر جـاللات شـېڭ شىسـەي «شـىنجاڭ ئۆلكىلىـك ھۆكۈمەتنىـڭ مۇئـاۋىن رەئىسـى خوجىنىيـاز ھـاجى يـېقىن ئـادىمى ئىسـمائىل ھـاجىنى سـۈيىيۈەنگە مەخپىـي ئەۋەتىـپ، يـاپون جاھانگىرلىكىنىـڭ جاسۇسـلار باشـلىقى شـۈپىيتىيەن بىـلەن تىـل بىرىكتـۈرۈپ، شـىنجاڭدا ئىسـلام دۆلىتـى قۇرۇشـقا ئۇرۇنـدى» دېگەن تـۆھمەت بىـلەن خوجىنىيـاز ھـاجىم باشـلىق بىـر قىسـىم مـۇھىم ئـادەملەرنى قولغـا ئالـدۇ ۋە ئـۈرۈمچى 2 ـ تـۈرمىگە قامايـدۇ. شـۇ يىلـى كەچكـۈزدە سـوراق ئاياقلىشـىپ، خوجىنىيـاز ھـاجىم باشـلىق ئىـنقىلاب رەھبەرلىـرى ۋە مـۇھىم كىشـىلەردىن سـالى دورغـا، گوسـۇل، باقىنىيـاز ھـاجى، شـېرىپخان تـۆرە، يۇنۇسـبەگ، مـاۋۇنلۇ، بوغـدا بـاي، تـۇردى ئاخۇنبـاي، ھەيـدەر

ئەپەندى، تۆمۈر غالى، زەيدىن كارۋان قاتارلىق 108 ئادەمنى بوغۇپ ئۆلتۈرۈپ، تاغقا ئېلىپ چىقىپ كۆمۈۋېتىدۇ.

خوجىنىياز ھاجىم، تەقۋادار، خەلقپەرۋەر ، زۇلۇم ۋە ناھەقچىلىككە چىدىمايدىغان، ئۇستا مەرگەن ئادەم بولۇپ، 1912-يىلى قۇمۇلدا قوزغالغان تۆمۈر خەلپە باشچىلىقىدىكى خەلق قوزغىلىڭىغىمۇ قاتناشقان ۋە نۇرغۇن تۆھپىلەرنى كۆرسەتكەن. كېيىن 1931-يىلى قۇمۇلدا زۇلۇمغا چىدىماي يەنە بىر قېتىم جىن شۇرېن ھاكىمىيىتىگە قارشى ئىنقىلاب قوزغىغان بولۇپ، بۇ ئىنقىلاب شۇ يىللاردا پۈتكۈل شەرقىي تۈركىستانغا يېيىلغان ئىنقىلاب ئوتىنىڭ يالقۇنى ۋە ئوت پىلتىسى بولغان. بۇ ئىنقىلاب ئېزىلگەن خەلقنىڭ ناھايىتى تېز قوللىشى ۋە ئاكتىپلىق بىلەن ئاۋاز قوشۇشىغا ئېرىشكەن ۋە قۇمۇل رايونىدا ئاساسىي غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈپلا قالماستىن تۇرپان، كۇچا قاتارلىق جايلاردىكى خەلقنىڭمۇ قوزغىلىشىغا ئاساس بولغان. بۇ ئىنقىلاب باشلىنىشىدا ئەجايىب نەتىجىلەرگە ئېرىشىپ، شۇ زاماننىڭ ئىشتىراكچىلىرى ئۈچۈنمۇ شۇ تارىخنى ئوقۇغانلار ئۈچۈنمۇ زور ئۈمىد ۋە خۇرسەنلىك بېغىشلىغان ئىدى. لېكىن، خوجىنىياز ھاجىم ئوقۇمىغان، تۈز مىجەز ۋە ساددا ئادەم بولغاچقا، ئەتراپىدىكى بەزى سوۋېت ئادەملىرى ۋە قارا نىيەت ۋەتەن خائىنلىرىنىڭ گېپىگە كىرىپ، سوۋېت ھۆكۈمىتىگە ھەددىدىن زىيادە ئىشىنىپ كەتكەن ۋە پۈتۈن ئۈمىدىنى شۇلارغا باغلىغان. بۇ سەۋەبتىن ئىنقىلابنىڭ ئاخىرقى يىللىرى نۇرغۇن خاتالىقلارنى سادىر قىلغان. ئۇ شېڭ

شىسەي تۇرمىسىدە ئۆتكۈزگەن ئاخىرقى ھاياتىدىمۇ قاتتىق پۇشايمان قىلغان ۋە ئۆزىنىڭ تۆمۈر خەلىپە پاجىئەسىدىن ئىبرەت ئالمىغانلىقىدىن ئىچىنىپ «كەلگۈسى ئەۋلادلارنىڭ نەپرىتىگە قالارمەنمۇ» دەپ ئىنتايىن ئۆكۈنگەن.

گەرچە ئۇ بىر قاتار تارىخىي سەۋەنلىكلەرنى ئۆتكۈزگەن بولسىمۇ، ئۇنى ئۇيغۇر تارىخىدىكى سەلبىي شەخسلەر قاتارىغا چىقىرىۋېتىشكە ھەرگىز بولمايدۇ. چۈنكى، ئۇ مەيلى نېمىلا قىلمىسۇن خەلقنى زۇلۇمدىن قۇتۇلدۇرۇشنىلا ئويلىغان. ئەمما قانداق قىلغاندا خەلق ھەقىقىي ھۆرلۈككە ئېرىشىپ، زۇلۇمدىن قۇتۇلىدىغانلىقىنى ئويلاپ يېتەلمىگەن ياكى ۋاقتى كەلمىدى دەپ ئويلىغان. سابىت داموللامۇ مىسىردا نەشىر قىلىنىدىغان «ئەل مەنار» ژۇرنىلىغا ئەۋەتكەن ماقالىسىدە خوجىنىياز ھاجىمنىڭ ياخشى تەرىپىنى قىلغان، ئۇنى شەرقىي تۈركىستان ئىنقىلابىنىڭ ئاتىسى ۋە يول باشچىسى دەپ تونۇشتۇرغان. شۇنىڭ ئۈچۈن، خوجىنىياز ھاجىمنىڭ ۋەتەن ئۈچۈن كۆرسەتكەن تۆھپىلىرىنى كېيىنكى بەزىبىر خاتالىقلىرى تۈپەيلى يوققا چىقىرۋەتسەك ياكى قەستەن كۆز يۇمۇۋالساق، قان كېچىپ جەڭ قىلغان ئەجداتلىرىمىزغا ئۇۋال قىلغان بولىمىز. ئۇلارغا يۈز كېلەلمەيمىز.

ئاللاھ خوجىنىياز ھاجىم ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىر نىيەتتە بولغان سەپداشلىرىنىڭ ياتقان يېرىنى جەننەتتە قىلسۇن!

سابىت داموللام ئاقسۇدا شىڭ شىسەي قىسىملىرىغا تاپشۇرۇپ بېرىلگەندىن كېيىن، ئۈرۈمچىگە ئېلىپ كېلىنىپ

ئۇيغۇرلارنىڭ قان قىساسىغا تولۇپ كەتكەن 2- تۈرمىگە قامالغان. ئۇ تۈرمىدىكى چاغلىرىدىمۇ ئۆز ۋەزىپىسىنى ئۇنتۇپ قالماي قۇرئان كەرىمنى ئۇيغۇرچە تەرجىمە - تەپسىر قىلىشنى ئويلىغان. 2- تۈرمىنىڭ باشلىقى بولغان لۇبىنىدى ئىسىملىك تۇڭگان سابىت داموللامنىڭ تەلىپىنى ئېتىبارغا ئېلىپ، قۇرئاننى تەرجىمە قىلىش ئۈچۈن ئىمكانىيەت هازىرلاپ بەرگەن. ( ئۇنىڭ ياشاش مۇهىتىنىمۇ بىر قەدەر ياخشىلاپ بەرگەن دېگەن گەپمۇ بار) .

سابىت داموللام بۇ تەرجىمە - تەپسىرنى تامامىلاپ (بەزى ماتېرىياللاردا 10 ئايغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە تاماملىغان دېيىلگەن ) ئۇنى «روشەن بايان تۈركى تەپسىرۇل قۇرئان» دەپ ئاتىغان. ئۇ كىتابىنىڭ كىرىش سۆزىدە مۇنداق دەپ يازغان: «بارلىق سائادەتنىڭ يۇلتۇزى، بارلىق شاراپەتنىڭ يىلتىزى، بارلىق ئىلىم - مەرىپەتنىڭ دېڭىزى، هېكمەت ۋە ئادالەتنىڭ تارازىسى شەكسىز قۇرئان هەكىمدۇر. قۇرئان ئاللاهنىڭ كالامى بولغاچ، بەندىنىڭ ئۇنى بايان قىلمىقى پەۋقۇلئاددە قېيىن ئىدى. كەمىنە بۇ مەيدان كىشىلىرىدىن بولمىسامۇ ۋە مېنىڭ ئىشىم ئاجىزلىق ۋە كەمچىلىكتىن باشقىلارنىڭ ئىشلىرىدەك سۈپەتلىك بولمىسىمۇ، لېكىن هەر كىشىگە ئۆز قۇدرىتىگە بېقىپ دىن - مىللەت ئۈچۈن خىزمەت قىلماق بەك زۆرۈر بولغان سەۋەبتىن، قۇرئان هەكىمنى نازىرلار (ئوقۇرمەنلەر) مالال بولغۇدەك ئۇزۇن قىلماي ۋە مەنىسىگە دەخلى بەرگۈدەك قىسقا قىلماي، ئوتتۇرا هال بىر تەپسىر قىلسام دەپ كۆپ زاماندىن بېرى خىيال قىلىپ، ئۇزۇن - قىسقا تەپسىرلەرنى توپلاپ

ئۆنىڭدىن ئىستىفادە قىلغان ئىدىم... ھەمدۇ ـ سانانىڭ ئىگىسىگە چەكسىز ھەمدۇ ـ سانا بولسۇنكى، ئاللاھنىڭ لۇتفى ـ ئىنايىتى بىلەن ۋە تەۋفىق ھىدايىتى بىلەن ھىممەتلىك نازىرلارنىڭ كۆڭۈللىرى خۇرسەن بولغۇدەك زىبا بىر كىتاب بولدى».

بۇ تەپسىر ئۇيغۇرچە تەرجىمە ـ تەپسىرلەر ئىچىدە ئېتىبارلىق تەپسىرلەردىن بىرى بولۇپ، سابىت داموللام ئۆزى ئۇرۇمچى 2 ـ تۈرمىدە ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە ئون نەچچە دەپتەرگە سۆسۈن سىياھلىق قېرىنداش بىلەن يېزىپ تاماملىغان. بۇ تەپسىرنىڭ 30 ـ پارىسى 1948 ـ يىلى غۇلجىدا شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيەت ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن بېسىپ تارقىتىلغان. 1961 ـ يىلى سابىت داموللامنىڭ غۇلجىدا ئولتۇرۇشلۇق ئوغلى ئابدۇللاھ بۇ تەرجىمە ـ تەپسىرنى (تولۇق نۇسخىسىنى بولۇشى مۇمكىن) «شىنجاڭ مىللەتلەر تەتقىقات ئورنى» غا تەقدىم قىلغان.

ئاخىرقى بۇ سەھىپىلەرنى يېزىۋېتىپ كۆز ياشلىرىمنى تۇتالماي قالدىم. راست گەپنى قىلسام مەن بىر قانچە ئايدىن بېرى سابىت داموللا ھاجىم بىلەن «بىللە ياشاپ»، ئۇنىڭغا ئۆگىنىپلا قاپتىكەنمەن. ئەمدى ئايرىلىش قېيىن كېلىۋاتىدۇ. لېكىن، ئامال يوق، بۇ ئاچچىق رېئاللىقنى قوبۇل قىلىپ يازمىنى ئاخىرلاشتۇرمىسام بولمايدۇ.

سابىت داموللامنىڭ ئاخىرقى ھاياتى توغۇرلۇق يالقۇن روزىنىڭ «سابىت داموللام كىم؟» ناملىق ماقالىسىدە مۇنداق

دېيىلگەن : «1941 ـ يىلىنىڭ بىر كۈنى تۈرمىدە كېسىلى ئېغىرلىشىپ قالغان سابىت داموللامنى تۈرمىنىڭ 3 ئادىمى كەچقۇرۇن ناسۇلكا بىلەن نەنمىندىكى مەسچىتكە يەنى ھازىرقى «خانتەڭرى جامەسى» گە كۆتۈرۈپ كېلىپ، مەسچىتنىڭ مۇتەۋەللىسى رەھىم نىياز قارىغا ئاخىرەتلىك ئىشلىرىنى بېجىرىپ دەپنە قىلىپ قويۇشنى تاپىلىغان. مەسچىت جامائىتى ئارىسىدىكى بەزى كىشىلەر سابىت داموللامنى تونۇپ قالغان. شۇ كېچىسى سابىت داموللام (58 يېشىدا) ۋاپات بولغان. ئەتىسى مەسچىت جامائىتى ئۇنىڭ نامىزىنى چۈشۈرۈپ، مېيىتىنى ھازىرقى «شىنجاڭ تەجرىبە ئوتتۇرا مەكتىپى»نىڭ ئورنىدىكى قەبرىستانلىققا دەپنە قىلغان. كېيىن، شەھەر كېڭەيگەندە بۇ قەبرىستانلىق شامالباغ تەرەپتىكى دۆڭگە كۆچۈرۈلگەندە، قەبرىستانلىقنىڭ كېرەم شەيخ دېگەن كىشىسى سابىت داموللامنىڭ ئۇستىخىنىنى كۆچۈرۈپ، قەبرە تاش تىكلەپ قويغان. سابىت داموللامنىڭ قەبرىسى 2007 ـ يىلىغىچە «شىنجاڭ رادىئو ـ كىنو ـ تېلېۋىزىيە ئىدارىسى»نىڭ يېنىدىكى شامالباغ ئاممىۋى قەبرىستانلىقىدا ساقلىنىپ تۇرغان». سابىت داموللامنىڭ قەبرىسىنىڭ 2007 ـ يىلىدىن كېيىنكى ئەھۋالى ھەققىدە بىرەر مەلۇمات بېرەلمىگەن.

شۇنداق قىلىپ ئىسلام ئالىمىدە ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشقان يېتۈك ئالىم، ئۇيغۇرلارنىڭ شانلىق ۋە قانلىق تارىخىغا ئۆچمەس ئىزلارنى قالدۇرغان، ئەڭ مۇھىمى كېيىنكى ئەۋلادلارغا نىشان بولسۇن ئۈچۈن ئۆچمەس بىر يۇلتۇزنى قالدۇرغان

پەخىرلىك ئۇستازىمىز سابىت داموللام ئابدۇلباقى كامالى بىز ئەۋلادلارغا مۇشكۇل ۋە شەرەپلىك ۋەزىپىلەرنى قالدۇرۇپ بۇ دۇنيا بىلەن خوشلاشتى. ئاللاھ بۇ زاتقا ئۆزىنىڭ لۇتفى كەرەمى بىلەن فىردەۋس جەننەتتىن ئورۇن بەرگەي!

پايدىلانغان ماتېرىياللار :

شەرقىي تۈركىستان تارىخى ( مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا )

سابىت داموللام كىم ؟ ( يالقۇن روزى ماقالىلەر توپلىمى )

ئۆمۈر داستانى ( سەيپىدىن ئەزىزى )

گۇگۇم ( غۇلام ئوسمان زۇلپىقار )

قۇرئان كەرىم ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى ( مۇھەممەد سالىھ داموللام )

شىنجاڭ يېقىنقى زامان تارىخىدىكى مەشھۇر شەخسلەر ( شىرىپ خۇشتار )

ئەل مەنار ( ماياك ) ژورنىلى، 1933 ـ يىل 12 ـ ئاي 8 ـ سان